ISSN: 2602–389X ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2022 - يىللىق 1 - سان ئومۇمىي 14 - سان

www.uyghurkitap.com


# ئىقىپ كەتكەن يۇلتۇزلىرىمىز


دوتسېنت ئەكرەم ھاشىموف


پروفېسسور زەينۇرە ئىيسا


خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن


زەينۇرە خانىم لېكسىيىدە


ئەكرەم ئەپەندىم ئىجادىيەت ئۈستىدە



ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ ئۆيىدە قىلغان زىيارىتىدىن خاتىرە


سۆيۈملۈك شائىرىمىز ئىجادىيەت ئۈستىدە

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاستە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

### ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر؛
2. ئىجادىي ئەسەرلەر؛
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر؛
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار؛
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر؛
6. مەلۇم رايوندىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)؛

### ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مەنبە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

### ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل- يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

### ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۈتۈپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.izdinish.org

# ئىزدىنىش

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал
Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal
www.uyghuredebiyati.net

2022 ـ يىللىق 1 ـ سان
ئومۇمىي 14 ـ سان
ISSN: 2602–389X



ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى
مۇرات ئورخۇن

تەھرىر ھەيئىتى
ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)
زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)
مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)
رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)
ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)
مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)
راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)
دىل رەيھان (فرانسىيە)
مولۇتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)
سابىرەم ئەنۋەرووۋا (قازاقىستان)
دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)

خەتتات
نۇر ئەففۇان

بەتچىك
ئالىمجان ئىبراھىم


## ئىجادكارلىرىمىز


ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرەسى زەينۇرە ئىيسا ........ 7
خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن ........ 10
ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىغا ئۆزىنى ئاتىغان ئەكرەم ھاشىموف ئەپەندىنىڭ روھى شادلانسۇن ........
........ نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا) 15
ئۇيغۇرلارنىڭ پەخرىلىك ئوغلانى ئەكرەم ھاشىموف ........ 16


## نەسرىي ئەسەرلەر


بىر توپ قۇشقاچ ........ ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان) 20
ئاغىنەمنىڭ ئاشخانىسى ........ ئە. ئازات 55


## شېئىرىيەت گۈلزارى


شېئىرلار ........ زەينۇرە ئىيسا 9
ئەلۋىدا ........ ئايگۈل ئالىم «تامچە» (ئاۋسترالىيە) 12
ئۆزگەرمىگەن ئادەم ........ مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە) 12
شېئىرلار ........ مۇھەممەتجان راشىدىن 13
خىياللىرىمغا خىتاب ........ باھارى (ئاۋسترالىيە) 27
مېڭەم بىلەن يۈرىكىم بىر-بىرىدىن ئايرىلدى ........ جان رودىل(ئامېرىكا) 28
ئىنگلىزچىدىن دىلدۇز تىلمان تەرجىمىسى (ئامېرىكا)
فاچو ........ يۆەن جىڭ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى) 29
ئەمەس ........ ئەرىن خەنسىن (ئاۋسترالىيە) 29
ئىنگلىزچىدىن مۇيەسسەر خەندان تەرجىمىسى (تۈركىيە)
پارچىلار ........ ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان) 57
كۆك كېچە ........ ئەھمەد سەلچۇق ئىلكان (تۈركىيە) 60
سۈمەييە ئايتۈرك تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
بىرلا يول ........ نىزار قەببانىي (سۇرىيە) 61
ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى (تۈركىيە)
ئىشىق ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ........ ئاقگۈن ئاكئۇۋا (تۈركىيە) 61
سۈمەييە ئايتۈرك تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)
شېئىرلار ........ مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە) 62
ئانىلار ھەققە ........ نىگارا ئىبراگىموۋا (قازاقىستان) 63
چۈشەندۈرەلمەيۋاتىمەن ........ ئورخان ۋەلى قانىق (تۈركىيە) 63
ئۇيغۇرۇللاھ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

كۆزۈم سۆزلەيدۇ ........ نۇرلان روزىيېۋ (قازاقىستان) 67
شېئىرلار ........ مۇھەممەد يارۇق 68
بىھۇدە ........ ئەزىز نەسىن (تۈركىيە) 71
ئۇيغۇرۇللاھ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

## باللار ئەدەبىياتى

بەختلىك كىتاب ........ ئېكاتېرىنا خاداسېۋىچ – لىسوۋايا (بېلارۇسىيە) 30
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان)
شۇبۇرشۇنىڭ سۇئىسلوبچ دەرياسىدىكى ساياھىتى ........ ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلارۇس) 32
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ ( قازاقىستان)

## ئەۋلاد تەربىيەسى

چۆچەكلەر–تەربىيە مەنبەسى ........ خۇرشىدەم ھېزىموۋا (قازاقىستان) 34

## ماقالە ۋە ئوبزورلار

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ تۈرلىرى ........ زەمىرە گۇلجالى (تۈركىيە) 42
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى ........ رىسالەت تۇرسۇن (تۈركىيە) 58
ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك قاتلام ........ ز.زۇنۇن 64

## دۇنيادا ئۇيغۇر مەدەنىيتى

ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرى ........ ئەكرەم ھاشىموۋ (ئۆزبېكىستان) 35
خاتىرەمدىكى بىر مەشرەپ ........ مىرزەخمەت مۇھەممەت (شۋېتسىيە) 38
پۇرچاق چۆچۈرىسى ........ ئامىنە ۋاخاپ/ سەدەپ (تۈركىيە) 40

## تەپەككۇر كۆزنىكى

ئەقلىيە سۆزلەر................................................................................................مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە) 69

## خەلق ئەدەبىياتى

ئىككى ئالدامچى....................................................................................................................................... 70
ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى............................................................................................................................... 72

## كىتاب ئۆچۈرلىرى

سكاندىناۋىيەدىن «قەلبى ئاسىيا» غا تۇتاشقان ئۇزاق يول .................................................................... دوكتۇر ئەسەت سۇلايمان (ئامېرىكا) 73
«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گىراماتىكا لۇغىتى» ھەققىدە ................................،،،.................................. مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە) 77

مۇقاۋىدا: مەدەنىيەت ۋە ئىنسانشۇناسلىق (Cultural Anthropology ) دوكتورى قەيسەر ئا. ئۆزخۇنىڭ «سۈرەتتىن سەھنىگە» ناملىق ئەسىرى

قەدىمكى بۇددا مىڭ ئۆي تام رەسىم سەنئىتى، مىلادىيە 2- ئەسىردىن باشلىنىپ، 13- ئەسەرلەرگىچە داۋاملاشقان غەربىي دىيار، ئۇيغۇر كىلاسسىك تەسۋىرى سانات ئەسەرلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. مىڭ ئۆي تام رەسىملىرىدە تەسۋىرلەنگەن ھېكايە، ئوبراز، كىيىم-كېچەك، مۇزىكا چالغۇلىرى ۋە ئۇسلۇب سەنئىتى شۇ دەۋردىن بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنىڭ تەسۋىرى سىياسىدۇر.

بۇ «سۈرەتتىن سەھنىگە» ناملىق ئەسەر 1993- يىلى سىزىلغان بولۇپ، رەسسام كۇچا-باي ناھىيەلىرىدىكى «مىڭ ئۆيلەر»دە بىر ئايدىن ئارتۇق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ماتېرىيال توپلىغاندىن كېيىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىجادىيىتى ئۈچۈن سىزغان ئەسەر. بۇ ئەسەر ھازىر ياپونىيەدە ساقلىنىۋاتىدۇ. (ئا.)



ئاپتورلىرى يېزىلمىغان ئەسەرلەر «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى تەھرىراتى تەرىپىدىن تەييارلانغان

# ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرەسى زەينۇرە ئىيسا*



زەينۇرە ئىيسا** 1941 - يىلى 3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاقسۇدا چوڭ بولغان. بالىلىق چاغلىرى ئاقسۇ ئۇچتۇرپاندا ئۆتكەن. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى ئاقسۇدا تاماملاپ، 1960 - يىلى ئاتالمىش «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى»نىڭ تىل-ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىرگەن. 1965 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولغان.



زەينۇرە ئەيسا: 1941- يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاقسۇدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. 1965 - يىلى شىنجاڭ داشۆ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىۋىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

شائىرەنىڭ ۋەتەندىكى مەتبۇئاتلاردا ئىشلىتىلگەن تەرجىمالى ۋە سۈرىتى

زەينۇرە خانىمنىڭ تۇنجى شېئىرى 1956 - يىلىدىن باشلاپ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ «قايدىدۇر»، «توققۇز بۇلاق» قاتارلىق بىر قاتار شېئىرلىرى ۋە «ئايىمنىسا» قاتارلىق داستانى ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ شىنجاڭ يازغۇچىلار شۆبىسىنىڭ ئەزاسى بولغان. 1980 - يىلى ئۇنىڭ «توققۇز بۇلاق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مىللەتلەر نەشرىياتىدا، 1983 - يىلى «ئاق ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا بېسىلىپ ئاممىا بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ.

زەينۇرە خانىم مىللەتنىڭ كەلگۈسى بولغان ئەۋلادلارنى تەربىيەلەشتە ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپلا قالماي، قەلبى ۋەتەن، خەلق ئىشقىدا يانغان ئوت يۈرەك شائىرە ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بولغان «ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن يېزىقچىلىق بىلىمى»، «تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرمىسى»، «تۈركىي تىللار سېلىشتۇرمىسى»، «يېزىقنىڭ تىلغا تەسىرى»، «تۈركىي تىللاردىكى فونېتىكىلىق پەرقلەر نەدىن كەلگەن»، «لۇغەت فوندى دائىرىسى»، «ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن رۇسچە، ئەرەبچە، پارسچە كەلىمىلەر» قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ئاكادېمىك ئەسەرلىرىنى نەشر قىلغان. ئۇ يەنە باشقا ئۇستازلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى مىڭ سۆزلۈك چوڭ لۇغەت ئىشلەشكە قاتناشقان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن 27 يېشىدا «تىل ئالىمى» دېگەن ئاتاققا ئېرىشكەن.

زەينۇرە خانىم 1985 - يىل تۈركىيەگە كەلگەندىن كېيىنمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقاتىدىن ھەرگىزمۇ توختاپ قالمىغان. ئۇنىڭ تۈرك تىلىدا نەشر قىلىنغان «تۈرك ئەدەبىياتى»، «سېنى ئىزدەۋاتىمەن»، «ئۈچىنچى سۆيگۈ»، «ھا،ھا، مەن تارىخچى» قاتارلىق ھېكايىلىرى، 2010 - يىلى گېرمانىيەدە نەشر قىلىنغان «قار لەيلىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ۋە 2013 - يىلى 4 - ئايدا ئىستانبۇلدا نەشر قىلىنغان «ئىستانبۇل سېپىللىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى تۈرك خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئىستانبۇلدا «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋەتەن سۆيگۈسى بىلەن تولغان «تارىم قىزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئوقۇرمەنلەرگە روھ ۋە زوق بېغىشلايدۇ. «تارىم قىزى» ناملىق توپلامغا شائىرە زەينۇرە ئىيسا خانىم يازغان شېئىرلاردىن 150 شېئىر تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب 170 بەت بولۇپ، كىتابتىكى شېئىرلارنىڭ كۆپى تۈركچىگە، بەزىلىرى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

---

* بۇ ئەسەر ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا ئېلان قىلىنغان بىر نەچچە نۇسخا ئەسەرلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تەييارلاندى.
** شائىرەنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ۋەتەندە «ئەيسا» دەپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى تۈركىيەدە «ئىيسا» دەپ ئىشلەتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئـۇ 2001 - يىلىدىـن 2002 - يىلىغىچە گېرمانىيەنىـڭ مەشـھۇر گىئوتـى ئۇنىۋېرسـىتېتىدە ئۇيغـۇر تىلـى دەرسـى ئۆتكـەن. ئۆزگـۈر ساۋاشـچىنىڭ گېرمانچـە، تۈركچـە ئىككـى تىللىـق لۇغىتىگـە ئۇيغۇرچىنىمـۇ قوشـۇپ، ئـۈچ تىللىـق لۇغـەت قىلىـپ چىققـان.

زەينـۇرە خانىـم 2006 - يىلـى پەرھـات جىلاننىـڭ «مەھمـۇد كاشـغەري» ۋە 2020 - يىلـى مىرزاھىـت كېرىمىنىـڭ «يۈسـۈپ خـاس ھاجىـپ» قاتارلىـق رومانلىرىنـى ئۇيغۇرچىدىـن تۈركچىگـە تەرجىمـە قىلىـپ ۋە نەشـر قىلـدۇرۇپ، تـۈرك خەلقىنىـڭ بـۇ مەشـھۇر ئالىملىرىمىـز ھەققىدىكـى چۈشـەنچىلىرىنى بەدىئىـي ئوبرازلاشـتۇرۇلغان ھالـدا يەنىمـۇ يارقىنلاشـتۇردى.

شـائىرە زەينـۇرە خانىـم ھاياتىنىـڭ ئاخىرىقـى مەزگىللىرىـدە سـالامەتلىكى ناچارلىشـىپ، قەلـەم تەۋرىتەمەيدىغـان ئەھۋالغـا چۈشـۈپ قالغـان ۋاقىتتىمـۇ قىلىۋاتقـان ئىشـىدىن توختـاپ قالمىغـان. ئـۆز يېنىدىـن پـۇل چىقىرىـپ، خىزمەتچـى يالـلاپ ئىجادىـي خىزمىتىنـى ئىزچىـل داۋاملاشـتۇرغان.

شـائىرە زەينـۇرە ئىيسـا 2022 - يىلـى 1 - ئاينىـڭ 8 - كۈنـى تۈركىيەنىـڭ ئىسـتانبۇل شـەھىرىدە كېسـەل سـەۋەبىدىن ئالەمدىـن ئۆتتـى.







زەينۇرە خانىمنى زىيارەتتىن خاتىرەلەر

# شېئىرلار*

## تۇرنىلار

ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە ئۇچقان تۇرنىلار،
ئانام مېنى سورىسا ئۇ ھايات دەڭلار.
بېشىدا غەم كۆزىدە نەم، قانىتى سۇنۇق،
ئۇچماقچى ئۇ، ئاشۇ سۇنۇق قاناتتا دەڭلار.

ئىستانبۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچقان تۇرنىلار،
قىزىم مېنى سورىسا «ئۆلمىدى» دەڭلار.
ئانا يۇرتتىن ئايرىلغانغا بوپتۇ يىگىرمە يىل،
تا ئۇ كۈندىن بۇ كۈنگە ھېچ كۈلمىدى دەڭلار.

## كۆپ ئورمانلار كۆردۈم

كۆپ ئورمانلار كۆردۈم
بۇلۇت سۆيگەن شەمشادلارنىڭ
تۈۋىدىن ئۇچىغا يۈگۈرگەن
تىيىنلەر، ئاغمىخانلار بىلەن
مۇسابىقىلەشتى كۆزلىرىم.
بەزەن مەجنۇن تاللار شېخىدىن
يامغۇر تامچىلىرى قوشۇلۇپ
سىرىلدىم تامچىلىدىم.

كۆپ ئىنسانلار كۆردۈم
بىرلىرىنى كۆرسە
شەمشاد دەرەختەك تىك.
بىرلىرىنى كۆرسە
مەجنۇن تالنىڭ شاخلىرىغا ئوخشاش.
كىمدۇر بىرلىرى
قانۇنلاشتۇرىدۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى.
-ۋاي ئەپەندىم
بۇ ئەمەلدار باشلىقتۇر
ئېگىلمەك شەرت،
بۇ قارا ئىشچىدۇر
يەنجى
ئېزىپ كەت.

بۇلار توغرا ئەمەس دەيتتى كۆڭلۈم
ئامما بۇنىڭ توغرىسى نەدە؟
ئىزدەش بىلەن ئۆتتى ئۆمرۈم.
بۇ ئىزدەش يولدا قالدى.
ياشلىقىم، كۈچۈم، گۈزەللىكىم.
يول ئاخىرىسىدا سورۇدۇم ئۆزۈمدىن

ئەجەبا
يوق نەرسىنى ئىزدەپ يۈردۈممۇ مەن؟
ياق، «ئۇنداق ئەمەس» – دېدى
گېرمانىيەدە بىر سادا.
مېنىڭ ئىزدىگەنلىكىم بۇ يەردە ئىدى.
مەن ئىزدىگەن قەلب
ئىنسانلىقنى، ئۆلكىسىنىڭ مەنپەئەتىنى
كىيسەللىرىنىڭ مېيىپلىرىنىڭ ھەققىنى
ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەققىنى
ئۆز مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى.
گويا پۈتۈن ئۆلكە بىر مەكتەپ
ھەر كىم ئوقۇغۇچى.
ھەر زامان ئۆگىنەتتى، ئوقۇيتتى
ئىشلەپ تالمايتتى .
گويا ھەممە ئىنسان باراۋەر،
پەقەتلا ئىش تەقسىماتى ئايرىم.

## دەرەخ

قارا بوراندا سۇنۇپ كەتتى دەرەخ،
نە دەرەختىكى ئۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم.
يۇلتۇزلاردىن سورايمەن بەزەن،
سۇنۇقلۇقتا مەھكۇممۇ ئۆمرۈم.

## ياشىسام

چاقماق بولۇپ چېقىپ ياشىسام،
يۈرەككە ئوتلار يېقىپ ياشىسام.
ئانا ۋەتەن چۆللۈكلىرىدە،
زىلال سۇ بولۇپ ئېقىپ ياشىسام.

## كۆڭلۈم

ئەجنەبىي يۇرت، ئەجنەبىي ئورمان،
ئەجنەبىي ئوۋچىغا ئوۋلاندى كۆڭلۈم.
ئەجنەبىي تۇپراق، ئەجنەبىي ئاياق،
ئىككىسى ئارىسىدا قىۋىردى كۆڭلۈم

## رۇبائىي

توز-تۇپراق ئۇچۇپ تۇرسۇن مازارىمدىن،
قاتۇرماڭلار سېمونت بىلەن مازارىمنى.
«مۇرادسىز، مۇجاھىد» يازسا مەنىسى بارمۇ؟
ئۇزاقتا يۇرت ھوقۇش باسمىش گۈلزارىمنى.

---

* بۇ شېئىرلار ئاپتورنىڭ تارىم قىزى ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



# خەلق شائىرى مۇھەممەتجان راشىدىن*

ئەل سۆيگەن شائىر مۇھەممەتجان راشىدىن 2021 - يىلى 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 9دىن مىنۇت ئۆتكەندە 81 يېشىدا بىز بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالاشتى.

بۈگۈنكى زامان شېئىرىيەت سېپىمىزدىكى يۈكسەك ئورۇنغا ئىگە، ئەل سۆيگەن، ئەلنى سۆيگەن ئاتاقلىق شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن 1940 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى غۇلجا ناھىيەسىنىڭ قەدىمىي يېزىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئونيارىيۈزى يېزىسى يۇقارقى مەھەللىسىدە بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يېزىسىدا ئوقۇپ، 1955 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ يېزا-ئىگىلىك تېخنىكومىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن 1959 - يىلغىچە پىچان ناھىيە ھوك دېھقانچىلىق مەيدانىدا بىر يىل ئەمگەكتە چېنىقىشقا چۈشكەن. 1959 - يىلدىن باشلاپ چاپچال ناھىيەسىگە خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ 1965 - يىلغىچە چاپچال ناھىيەسىدە ھۆكۈمەت ئىشخانا كاتىپى، سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش پونكىتىدا تېخنىك قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن. 1965 - يىلى غۇلجا ناھىيە ئونيارىيۈزى يېزىسىغا يۆتكىلىپ كېلىپ 1968 - يىلغىچە ئونيارىيۈزى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان.

1968 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە جەمئىيەتتىن ئايرىلغان. 1983 -يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ 1989 -يىلغىچە غۇلجا ناھىيەلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى ۋە ئىلمىي مۇدىر بولغان. غۇلجا ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ يۈكسەك غەمخورلۇقى بىلەن 1989 - يىلدىن 2003 - يىلغىچە 14 يىل كەسپىي يازغۇچى سۈپىتىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 2003 -يىلى 3 - ئايدا دەم ئېلىشقا چىققان.



شائىر مۇھەممەدجان راشىدىننىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1958 - يىلى 10 - ئايدا «ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان «ئىلى دەرياسى» ناملىق شېئىرى بىلەن

* خەلقىمىزنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىك مۇسىبەت خەۋىرى، خەلقىمىز ئىچىدە چوڭقۇر قايغۇغا سەۋەب بولدى. بۇ سەۋەبتىن ئىجتىمائىي تاراتقۇلاردا نۇرغۇنلىغان خەۋەر ۋە مەرسىيەلەر ئېلان قىلىندى. تەھرىراتىمىز بۇ ئەسەرلەرنى رەتلەپ (ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلمىگەن ) ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلدى.

باشلانغان. شۇندىن باشلاپ تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە 2000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر، ھېكايە، ئەسلىمە ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ شېئىرىيىتىمىزدە مۇھەممەدجان راشىدىن قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلغان. ھازىرغىچە شائىرنىڭ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ 21 پارچە توپلىمى نەشرى قىلىنغان.



«ئانا تاغلار» ناملىق شېئىرى «تارىم» ژۇرنىلى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى»غا، «سەن مەندەك بولالامسەن»، «جىمى يەردە جاراڭلار يېڭى يىللىق قەدەھ-جام»، «دوستلارغا»قاتارلىق شېئىرلىرى «خانتەڭرى ئەدەبىياتى مۇكاپاتى»غا، «ئانا يەر قەسىدىسى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى بويىچە «تۇلپار مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. شائىر يەنە غۇلجا ناھىيەلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، «تارىم» ژۇرنىلى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى قاتارلىق ئورۇنلار تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم «ئالتۇن توي»، «ئىجادىيەت تۆھپىكارى»، «تۆھپىكار ئەدىب» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. 1989 - يىلى ۋە 2003 - يىللىرى غۇلجا ناھىيەلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى غۇلجا ناھىيەسىدە ۋە ئۈرۈمچىدە ئايرىم-ئايرىم ئىككى نۆۋەت شائىرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان. 2012 - يىلى شائىرنىڭ ھۆرمىتىگە قۇمۇلدىكى يازغۇچى-شائىرلار تون كىيدۈرگەن. شۇ يىلى يەنە تۇرپاندىكى ئەدىبلەرمۇ تون كىيدۈرگەن . 2014 - يىلى «ئەلقايناق سودا سارىيى»نىڭ قۇرغۇچىسى ئابدۇقېيىم ئەپەندىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن شىنجاڭ خەتتاتلار جەمئىيىتى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى ئاساس قىلىپ ھۆسنخەت يېزىش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇپ ناھىيەمىزدە كۆرگەزمە قىلغان. ئوبزورچى ۋە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن شائىرنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدە 50 پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە ۋە ئەكرەم ئابدۇمىجىت ، مۇھەممەتجان ئەيسالار تەرىپىدىن «شەيدالىقتىن شائىرلىققىچە» ناملىق بىر مەخسۇس تەتقىقات كىتاب يېزىلغان.

شائىر مۇھەممەدجان راشىدىن 60 يىلدىن ئارتۇق ئىجادىيەت ھاياتىدا خەلقىنىڭ قايغۇسىنى، شادلىقىنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىنى، مۇھەببەت-نەپرىتىنى خەلققە ئەڭ يېقىن تىل ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلەپ سانسىزلىغان قەلبلەرنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى ۋە ئۆزىنىڭ بىر «خەلق شائىرى» دېگەن پەخىرلىك نامىنى قالدۇردى. ئۇنىڭ قۇمۇل قوغۇندەك تاتلىق، قەشقەر ئانارىدەك جۇلالىق، خوتەن قاشتېشىدەك پارقىراق ، ئىلى ئەتكەن چېيىدەك يېقىشلىق، بىنەم ئۈنىنىڭ لەغمىنىدەك ھۇزۇرلۇق شېئىرلىرى ۋە ئۆلمەس ناخشا تېكىستلىرى ئەل ئارىسىدا مەڭگۈلۈك ياڭراپ تۇرغۇسى.

20121 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنى



بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك شائىرىمىزنىڭ ئۆيىدە قىلغان زىيارىتىدىن خاتىرە

# ئەلۋىدا

ئايگۈل ئالىم «تامچە» (ئاۋستراليە)

—مەرھۇم ئۇستازىم مۇھەممەتجان راشىدىنغا ئاتاپ

سەھنىلەردە ئەلگە ياققان ناخشىڭىز قالدى،
ھەر قۇرلاردا چاقناپ نۇرلۇق پەزلىڭىز قالدى،
ئەزىز ئۇستاز بوينىمىزدا ئەجرىڭىز قالدى،
بۇندىن دېيىش ئەلۋىدا، بىزگە ھار كەلدى.

ئۇستاز كەتتى قەلەم ئىزى ناخشىلار قالدى،
ئۇشبۇ يولدا شام چىراغدەك ياخشىلار تالدى.
دىلدا ئارمان، يۇرتقا مىڭ زار مۇساپىر يۈرەك،
بۇ ئايرىلىش پىراقىدا ئاتەشتە ياندى.

دۇتتارلىرىم قالارمۇ ئاھ تارسىز ھەم سازسىز،
قىران بۈركۈت، ۋەتەن باغرى قىرىلدى سانسىز.
قىلار نالە ئىلى، تارىم ئۈنسىز، ساداسىز،
يازنى كۈتكەن ئەزىز جانلار كەتتى باھارسىز.

ئانا يەرنىڭ يىغىسىدا تىترىدى ئالەم،
ئەل-يۇرت ئۈچۈن ياردى يەرنى ئازابلىق نالەم،
چىدىيالماي بۇ دەردلەرگە يۈرەكلەر زېدە،
ئۆتەرمىزمۇ كۈندە ئاڭلاپ قايغۇلۇق ماتەم.

كۆڭۈللەرگە نەسىھەت قىلىپ ئۆتكەندەك ئەسىر،
يەنە دەردنى يۇتقان پىتى ئۆتەرمۇ يىللار.
ئارمانلىرى كۆمۈلمىسۇن ئەۋلاد قولىدا،
تىنىچ ياتقاي يۇرتقا بەدەل تۆلىگەن جانلار.

ئاتقان تاڭلار بىزنىڭ ئىدى،چاپقان تايلار ھەم،
ئېغىزدىلا قىپقالمىسۇن ۋەتەن دېگەن تەم.
چىن ئىنسانىنىڭ ئاخىرەتلىك بەختى ئەمەسمۇ؟!
ھايات چاغدا يېيەلىسە ئەل يۇرت ئۈچۈن غەم.

زېمىستاننىڭ قارا كۈنى- ھامىنى ئۆزار،
دۈشمەنلەرنىڭ قەستىنى ھەم قەھرىمىز بۇزار.
باھار پەسلى ئوتقاش كەبى ئېچىلغان گۈللەر،
باغاشلايدۇ قەبرىلەرنى يۇرتۇمدا سەھەر.

2021 -يىلى 13 -نويابىر، ئاۋستراليە

# ئۆزگەرمىگەن ئادەم

مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە)

ئەسلىمىلەردىن ئاختۇردۇم سېنى،
چىقىپ قالدىڭ كىچىك چېغىمدا
«شېئىر مۇنداقلا بىر جۈملە ئەمەس» دەپ
رۇبائىي يېزىپ بەرمىگەن بىر كۆرۈشۈشتىن.
چىقىپ قالدىڭ تېلېۋىزوردىكى
تۆردە ئولتۇرغان بىر كۆرۈنۈشتىن.
چىقىپ قالدىڭ چوڭ بولغىنىمدا
ئۆز كوچىلىرىمىزدا مەزمۇت يۈرۈشتىن.
چىقىپ قالدىڭ ئەدەپسىزلىككە
مىسرالىرىڭدا قاپاق تۈرۈشتىن.

كۆزلىرىڭ دېھقانىنىڭ، تىلىڭ دېھقانىنىڭ،
پۇتلىرىڭ مەھەللە، قوشناڭنىڭ قوللار.
سېنىڭدە ئۈمىدىنىڭ ناخشىلىرىنى
ئېيتاتتى بېغىڭدا قونغان بۇلبۇللار.
سېنىڭدە دەردلىنىپ كۈلكىلەر بىردەم،
ھەسرەتنىڭ چۈشىگە كىرەتتى يوللار.
«ياق، سەن تېخى ياشاپ بولمىدىڭ»[*]،
ھايات تېخى سەن بەرگەن ھوسۇللار.

بارماقلىرىڭسىز قەلەم بوش قالدى،
غۇلجىنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ كۆزلەر،
ئېيتالمىغان تالاي خوش قالدى.
تاۋۇتۇڭنى كۆتۈرەلمىگەن
مۈرىلەردە ئاھ ئۇرۇش قالدى.
داۋانلىرىدا ئېغىر ھاياتنىڭ
سەندىن يادىكار تىك تۇرۇش قالدى.
سەن كۆرگەن شۇ كىچىك قىزدىن سەن ئۈچۈن
ھازاڭنى سىياھتا سۇغىرىش قالدى.

2021 - يىلى 13 - نويابىر،
تۈركىيە

* بۇ مىسرا مۇھەممەتجان راشىدىنىنىڭ

# شېئىرلار

مۇھەممەتجان راشىدىن

## سەن كەتسەڭ*

ئۆلۈمنى تالاشما مەندىن ئەزىزەم،
سەن قالغىن، مەن كېتەي سېنىڭ ئالدىڭدا.
سەن كەتسەڭ بۇ ئۆيدىن قۇياش كەتمەمدۇ،
بالىلار قالامدۇ غۇۋا ئايدىڭدا.

ئالەمگە ئايدىڭنىڭ نۇرى قانچىلىك،
نە قىلسۇن مەندە نۇر، مەندە ھارارەت.
زۇلمەتقۇ ئۆيىمىز سەن كەتسەڭ ئەگەر،
سەن بىلەن كەتمەمدۇ بەرىكەت-ھارارەت.

يوق مېنىڭ بىمەھەل سەندىن ئايرىلىپ،
جۇدالىق دەردىنى تارتقۇدەك ھالىم.
بولسامىمۇ ھەرقاچان قەدىردان دادا،
ئانىدەك بولماققا يوقتۇر ئامالىم.

ئۆلۈمنى تالاشما مەندىن ئەزىزەم،
بالىلار مەن ئەمەس، سەن بىلەن قالسۇن.
سەن كېتىپ مەن قالسام تۈگەشكىنىم شۇ،
ئۇ كۈندىن يۈرىكىم قانداقمۇ تانسۇن.

بىلمەيسەن يېتىم بار، يېتىملاردىمۇ،
ئانىسىز قالغانلار ھەقىقىي يېتىم.
ئاتىلار بىر سۆيسە پەرزەنتنى كۈندە،
ئانىلار يۈرىكى سۆيەر مىڭ قېتىم.

سەن كەتسەڭ ئايىنماس تەكچىدە گۈللەر،
غېرىبلىق ئىلكىدە قالامدۇ ھويلا.
تەس ماڭا سېنىڭسىز سۈپراڭنى يايماق،
ئۇچراشماس ئاي-ئايلاپ قازانغا چويلا.

سەن سالغان تونۇرنى سالالماس ھېچكىم،
ئوت سېلىش قولۇمدىن كەلىسچۇ كاشكى.
قىرىق يىل ئاتقان تاڭ سەن بىلەن بىللە،
ئويلىسام، تەسەللىي بەرسىچۇ كاشكى.

ئايىغى تارتىلىپ نەۋرىلەرىڭمۇ،
سەن كەتسەڭ ئۇچىمامدۇ ئۆيىڭنىڭ پەركايى.
سەن بولغاچ مەن تېخى كۆرمىگەن دەردلەر،
سەن كەتسەڭ قىلمامدۇ مېنى سازايى.

ئىككىمىز بىر ئۆمۈر ئېيتقان ناخشىنىڭ،
مەن كېتەي، ئاخىرى سەن بىلەن چۈشسۇن.
يوقۇمنى چاندۇرما، كەلگەن كەتكەنلەر،
مەن باردەك قولۇڭدىن ئىسسىق چاي ئىچسۇن.

2004 - يىلى 12 - ئاي، غۇلجا

## بۇ دۇنيا

تالاشساڭمۇ، تالايدىن قالار ئىكەن بۇ دۇنيا،
بىلىپ بولماس نەگىدۇر بارار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مەيلى گاداي، مەيلى شاھ بىر قىيامەت بىر جانغا،
بىر ئىنسانىدىن بىر جەسەت ئالۇر ئىكەن بۇ دۇنيا.

يىغلىغانلار پەسلەيدۇ رىزقى ئۇنىڭ شۇنداق، دەپ،
مۇسىبەتكە ھەركىمنى سالار ئىكەن بۇدۇنيا.
بىر ھۇجرىغا جەم بولۇپ،ئۆلگۈرمىگەن جۈپلەرنى،
ياش دېمەستىن ئەلەمدە قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلغان تىرىكلەرمۇ ئاز ئەمەس،
كۆز ياش بىلەن يۈزلۈكنى يۇيار ئىكەن بۇدۇنيا.
ۋاپاسىز، دەپ كايىيدۇ شۇڭا ئۇنى ئادەملەر،
ئاغرىنغاننى قامچا بوپ ئۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.

يۇلتۇز كۆزلۈك ئاسمانغا تۈندە باقسام ئۈنچىقماس،
پايانى يوق تىلسىمدەك تۇرار ئىكەن بۇ دۇنيا.
توخۇلارغا تاڭ قالدىم تىرىكلىكنى ئويغاتقان،
تەئەججۈپكە ھەركىمنى قويار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ئەجدادلاردىن قەبرىلەر قاپتۇ سانسىز چوقچىيىپ،
خىيال قىلساڭ بەئەينى مازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
تىرىكلەرگە كۆز سالساڭ مىدىرلايدۇ ھايات،دەپ،
بىر قىسمەتتە ئاجايىپ بازار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ئۆچۈرگەندەك ئۆيۈڭنىڭ چىرىقىنى بىر شامال،
ئۆزى يەنە گۈرۈڭنى قازار ئىكەن بۇ دۇنيا.
مۈكچىيەركەن بەللىرىڭ سەن كۈتمىگەن كەچمىشتە،
ھەر ماڭلايغا بىر قىسمەت يازار ئىكەن بۇ دۇنيا.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئاق سانجىيدۇ چېكەڭگە،
يۈزلەپ قورۇق يۈزۈڭدىن سانار ئىكەن بۇ دۇنيا.
قىز -كېلىنلەر ھەددىڭ يوق تاڭلا موماي بولماسقا،
ئۇنىمىساڭ قويماستىن تاڭار ئىكەن بۇ دۇنيا.

قايرىلىسەن كەينىڭگە ياشلىقىڭغا تويماستىن،
ئۆشنىسىدە سەن ئۇنىڭ،ماڭار ئىكەن بۇ دۇنيا.
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدىن ھەركىم ھەرنە كۆزلەيدۇ،
بېخىللارنىڭ كۆزىدە تاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.

كېلىپ-كېتەر مېھمانسەن، ياخشى قونۇپ،ياخشى كەت،
سېخىي ئۈچۈن بىر قالام چاۋار ئىكەن بۇ دۇنيا.
رەقىبلىشۇر ئىككى جان ئۈز نەپسىگە چوغ تارتىپ،
تووۋا دەڭلار، ئۇلارغا تۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا.

* شائىر مۇھەممەتجان راشىدىننىڭ ئايالى خەلچەم تۇرغانغا ئاتىغان يۈرەك سۆزى

گويا ئاتقان ھوشۇقتەك سىيا چۈشۈپ، چۇ چۈشۈپ،
ئويلاپ كۆرسەڭ بىر تاۋكا قىمار ئىكەن بۇ دۇنيا.
چېچەك تۆكسە ئۆرۈكلەر مېۋە قىلىپ ئورنىدا،
ئەجدادلارغا ئەۋلادنى ئۇلار ئىكەن بۇ دۇنيا.

رىزقى ئەمما تەك ئەمەس بۇ «پانىي»غا كەلگەننىڭ،
بىردە يوقسۇل، بىردە تەل قىلار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئاپەتلىرى ئاز ئەمەس، يولۇققانلار يىغلايدۇ،
كەلكۈن كەبى شاقىراپ ئاقار ئىكەن بۇ دۇنيا.

غەم قىلمىغىن، ئۆلگەنلەر، يېتىم قالغان بالاڭدىن،
ئۆزى بېقىپ قاتارغا قاتار ئىكەن بۇ دۇنيا.
ئەجەبلەنمە بېشىڭغا ئىسسىق كەلسە، سوغ كەلسە،
تارازىسى ئېگىز -پەس بولار ئىكەن بۇ دۇنيا.

ئەيىب كۆرمەڭ، كۆتۈردۈم شۇ سەۋەبتىن بىر قەدەھ،
شۇ قەدەھكە، شۇ مەيگە خۇمار ئىكەن بۇ دۇنيا.

1974 - 1980 - يىللار، ئۈرۈمچى

## روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا

يىغلىغىنىم دېھقانلارنىڭ يىغىسى،
دېسەڭ مەيلى «يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟»،
چۈنكى دېھقان شېئىرىنىڭ تېمىسى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

خوتەنلىككە ياققىنىمۇ شۇ قەلەم،
تەڭرىتاغنىڭ باققىنىمۇ شۇ قەلەم.
ئەلدىن ئابرۇي تاپقىنىمۇ شۇ قەلەم،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئەلدىن ئازماق بىزگە گۇناھ ئەيىپتۇر،
ئەل سۆيمىگەن شائىر قەلبى مېيىپتۇر.
ئەل يولىدا كەتكەن شائىر شېھىتتۇر،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇلار بىلەن بىللە مىنىڭ تىنىقىم،
سۇ ئىچەرگە بىللە قۇدۇق،ئېرىقىم.
بىللە مىنىڭ تەرگەن بۇغداي تېرىقىم،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئاچ قالسىمەن ،ئاچ قالغاندا شۇلارمۇ،
تاسقىلىمەن ،تاسقالغاندا شۇلارمۇ.
باي بولسىمەن باي بولغاندا شۇلارمۇ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

بىللە باردىم شۇلار بىلەن بازارغا،
بىللە باردىم مېيىت چىقسا مازارغا.
تويلىرىدا يەنە باغاق يازارغا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇ توشۇيمەن شۇلار تىككەن گۈللەرگە،
ئوخشىتىمەن قىزلىرىنى ھۆرلەرگە.
يامغۇر سۆزلۈك ياخشىلارنى كۈيلەرگە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شائىر ئۇلۇغ كۈيچىسىدى خەلقىمنىڭ،
دوستى ئىدى خەلقىم دېگەن ھەر كىمنىڭ.
تەسەللىسى يىغلاپ قالغان خەلقىمنىڭ،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدىن ھۇزۇر ئالغان دىل تولا،
شۇ قەلەمنى تەرىپلىگەن تىل تولا.
شۇ قەلەمگە ھېرىس تولا خىل تولا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمدە ئۇ يازغاندەك يازماق تەس،
يازغانلىرى قىلدى مېنى بىھوش مەست.
ئۇ يازغاندەك يازالمىسام باسار نەس،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سۇنۇلغاندەك گۆدەك قولى قەنت ئۈچۈن،
بېرىۋەتتىم بۇ كۆڭۈلنى ئەل ئۈچۈن.
شۇ ئەمەسمۇ بايلىق دېگەن مەن ئۈچۈن،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.
چاتىقىم كەلمەس شائىرلىقنى شۆھرەتكە،
ئوخشىتىمەن ئۇنى ئۇلۇغ مېھنەتكە.
يېزىۋالاي كېلىك دوستۇم سۆھبەتكە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

بولغان بىلەن بانكىلاردا پۇلۇم يوق،
ئەمىلىم يوق ،پىكاۋىم يوق ،يولۇم يوق.
بولغان بىلەن مىنىڭ ئۇزۇن قولۇم يوق،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

سەھرالاردا شېئىرىمنىڭ يىلتىزى،
شەھەرلەردە مەنزىلىمنىڭ يۇلتۇزى.
يۇرت تەقدىرى ،تەقدىرىمنىڭ دەل ئۆزى،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

شۇ قەلەمنى يوقاتمايمەن ساقلايمەن،
شۇ قەلەمدە قەبرىسىنى يوقلايمەن.
زۆرۈر چاغدا دۈشمەنلەرگە ئوقلايمەن،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئېزىتقۇغا ئېزىقتۇرماس پوس ماڭا،
دېھقان بىلەن يەر ھەيدىسەم قوش ماڭا.
نەگە بېرىپ نەدە تۇرسام دوست ماڭا،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

ئۇ سۆيگەننى سۆيمەكچىمەن ئۆلگىچە،
سۆيمەكچىمەن بوستانلاردىن چۆلگىچە.
نۆۋەت كېلىپ ئەلمۇ مېنى كۆمگىچە،
روزى سايىت تۇتقان قەلەم قولۇمدا.

# ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكىسىغا ئۆزىنى ئاتىغان ئەكرەم ھاشىموف ئەپەندىنىڭ روھى شادلانسۇن

نەبىجان تۇرسۇن (ئامېرىكا)

ئۆزبېكىستان دۆلەت كونسېرۋاتورىيەسىنىڭ دوتسېنتى، مىللىي مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يېتۈك تەتقىقاتچىسى، سەنئەتشۇناسلىق ئىلمىي دوكتورى، شاگىرتلارنىڭ ئۇستازى، ئۆزبېكىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئەربابى، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بايراقدارى مەرھۇم ئەكرەم ھاشىموف ئەپەندىنىڭ 9 - يانۋار 59 يېشىدا ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇشىغا قايغۇرىمىز، تەزىيەمىزنى بىلدۈرىمىز! ئەكرەم ھاشىموف 1963 - يىلى 4 -يانۋار كۈنى تۇغۇلغان ۋە ر. گلىېرىيا مۇزىكا مەكتىپىنى تاماملىغاندىن كېيىن تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىگە كىرىپ ئوقۇپ ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغان ھەم داۋاملىق ئاسپىرانتۇرادا ئوقۇپ، مۇزىكا، يەنى سەنئەتشۇناسلىق ساھەسىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان ۋە مەزكۇر كونسېرۋاتورىيەدە كۆپ يىللار دوتسېنتلىق ئۇنۋانىدا ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى.



كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى ۋە شاگىرتلارنىڭ ئۇستازى ئەكرەم ھاشىموف ئۆزبېكىستان، قازاقىستان مەتبۇئاتلىرىدا ۋە فېيسبۇك، ئىنستىگرام ۋە باشقا ئىجتىمائىي تورلاردىمۇ ئۆزبېكىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي ئاسىيا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش يولىدا توختىماي ھەرىكەت قىلغانىدى. كۆندە دېگۈدەك تۈرلۈك تارىخىي سۈرەتلەرنى ۋە ئۇچۇرلارنى تارقىتىپ دۇنيا ئۇيغۇر جامائىتىنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇراتتى. مەرھۇم بىلەن مەن ئىجتىمائىي ئالاقە تورى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇرغانىدىم ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئۇچۇرلىرىنى تەمىنلەپ تۇرغانىدى.

ئەكرەم ھاشىموف ئىككى ئەۋلاد ئۇيغۇر 12 مۇقامى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر مىللىي مۇزىكا نەزەرىيەسى تەتقىقاتى ساھەسىدە يېتىشىپ چىققان خەلقئارا سەۋىيەدىكى پەخىرلىك مۇزىكا ئالىملىرىمىزنىڭ بىرىدۇر. ئەكرەم ھاشىموف ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىن تۇنجى بولۇپ، تاشكەنت كونسېرۋاتورىيەسىدە 12 مۇقام تەتقىقاتىدا ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە يېزىپ، دوكتورلۇق ۋە ئارقىدىن پروفېسسورلۇق ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولغان ۋە كۆپ يىللار تاشكەنت رادىئوسى قارمىقىدىكى ئۇيغۇر ئانسامبىلىدا مۇزىكا ئىجادىيىتى، چېلىش بىلەنمۇ مەشغۇل بولۇپ خەلققە كەڭ تونۇلغان، كۆپ يىللار كونسېرۋاتورىيەدە يۈزلىگەن ئۆزبېك، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت مۇزىكانتلىرىنى تەربىيەلىگەن مەرھۇم پىروفېسسور ئابدۇلەزىز ھاشىموفنىڭ ئوغلى. ئۇيغۇر ئېلىدىن 1960 - يىللاردا تاشكەنتكە كۆچۈپ چىقىپ يەرلىشىپ شۇ جايدا ئوقۇپ مۇزىكا ئالىمى بولۇپ يېتىشكەن پروفېسسور ئابدۇلەزىز ھاشىموف ئەپەندىنىڭ « ئۇيغۇر 12 مۇقامى توغرىسىدا» ناملىق 1979 -يىلى ئېلان قىلغان ئىلمىي ماقالىسىنى 1989 - يىلى ئۈرۈمچىدە رۇس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ « ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغانىدىم. ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ بۇ ئالىمنى تونۇغانىدىم.

ئاتا-بالا بۇ مۇزىكا ئالىملىرىنىڭ قەدىمكى كۈسەن، قەدىمكى قەشقەر، قەدىمكى تۇرپان مۇزىكىچىلىك ئىزىنى بويلاپ، ئىسلامىيەت دەۋرىمىزدە ئەبۇناسىر فارابى يولى،16 - ئەسىردە ئابدۇرېشىتخان، ئامانىيساخان، قىدىرخانلار، 19 - ئەسىردە، موللا مۆجىزى، 20 - ئەسىردە تۇرداخۇن، روزى تەمبۇرلار ئەنئەنە شەكلىدە داۋاملاشتۇرۇپ ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرغان ئىنسانىيەت مۇزىكا سەنئىتىدە كەمدىن-كەم يېگانە نامايەندە 12 مۇقام ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى تەتقىق قىلىش، دۇنيا مەدەنىيەت ۋە سەنئەت ئەھلىگە تونۇشتۇرۇش جەھەتتە كۆرسەتكەن تۆھپىلىرىنى ئۇيغۇر خەلقى ھۆرمەت بىلەن تەقدىرلەيدۇ.

ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئەكرەم ھاشىموفنىڭ ياتقان يېرىنىڭ جەننەتتىن بولۇشىنى تىلەيمەن! روھىغا دۇئا قىلىمەن!

uyghurkitap.com



# ئۇيغۇرلارنىڭ پەخىرلىك ئوغلانى ئەكرەم هاشىموف

2022 - 1963

ئەكرەم هاشىموۋ 1963 - يىلى 24 - يانۋار تاشكەنت شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئەكرەم ئەپەندىنىڭ ئاپىسى خۇرشىدە خانىم 1940 - يىلى 5 - نويابىردا ۋەتىنىمىزنىڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ئوقۇش هاياتىغا غۇلجىدىكى ئۆزبېك مەكتىپىدىن باشلىغان ۋە ئۈرۈمچىدىكى مېدىتسىنا ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغان. خۇرشىدە خانىم 1961 - يىلى ئۆزبېكىستانغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن 1995 - يىلى پېنسىيەگە چىققىچە «ئۇچقۇن» فابرىكىسىدا ئىشلىگەن. هازىر دەم ئېلىشتا. خۇرشىدە خانىمنىڭ 2 قىز بىر ئوغۇل پەرزەنتى بولۇپ جەمى 3 ئەۋلادىنى قاتارغا قوشقان. ئەكرەم ئەپەندى ئەنە شۇ 3 پەرزەنتىنىڭ ئوراتانجىسىدۇر. خۇرشىدە خانىم بالىلىرىنى تەربىيەلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزبېكىستان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇشىغا ۋە ئۆزبەكىستاندا كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇتۇقلۇق زىيالىي بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا ۋەسىل بولغان.



The Supreme Attestation Committee of the Republic of Uzbekistan upon the recommendation of the Uzbek State Conservatoire hereby awards the scientific title of

DOCENT

of the Composition and Instrumentation Department
to Akram A. Hashimov

03 № 006308 Date October 29, 2009, records 158/1
Chairman — Chief Scientific Secretary
Tashkent — Reg. № 3256

O'zbekiston Respublikasi Oliy attestatsiya komissiyasi O'zbekiston davlat konservatoriyasi ilmiy kengashining tavsiyasiga ko'ra Akram Abdulazizovich Xashimovni [illegible] bo'yicha

DOTSENT

ilmiy unvonida tasdiqladi.

03 № 006308 Sana 2009 yil 29 oktyabr, 158/1-son bayonnoma
Rais — Bosh ilmiy kotib
Toshkent — Qaydnoma 3256

ئەنە شۇ ئۇتۇقلۇق پەرزەنتلىرىدىن بىرى بولغان ئەكرەم ئەپەندى، 1970 - يىلى ئو. ئاخۇنبوبوئېۋ نامىدىكى 45 - ئومۇمىي تەلىم ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئۆتكەن. 1974 - يىلى رېسپۇبلىكا مەخسۇس مۇزىكا – مەكتەپ ئىنتېرناتىدا ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرغان. 1978 - يىلى هامزا نامىدىكى تاشكەنت دۆلەت مۇزىكا بىلىم يۇرتىنىڭ «مۇزىكا نەزەرىيەسى» بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرگەن ۋە ئۇنى 1982 - يىلى ئالىي نەتىجە بىلەن تاماملىغان. شۇ يىلى تاشكەنت دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسىنىڭ «بەستىكارلىق ۋە چالغۇلاشتۇرۇش» كافېدراسىغا ئوقۇشقا قوبۇل قىلىنغان. 1983 - 1985 يىللىرى ئارمىيە خىزمىتىدە بولغان.

1989 - يىلى ئوقۇشىنى مۇۋاپىقلىقىدەك تاماملىغاندىن كېيىن شۇ يىلى رېسپۇبلىكا سەنئەت مەكتەپ ئىنتېرناتىغا* ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشقا كىرگەن. 1990 – 1997 يىللار داۋامىدا ئوقۇتقۇچى ۋە دىرېكتور ئورۇنباسارى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.



1992 – 1995 يىللىرى تاشكەنت دۆلەت كونسېرۋاتسىيەدە ياردەمچى - پىراكتىكا باسقۇچىدا بىلىم ئاشۇرغان. 1996 – 1997 يىللىرى ئۆزبېكىستان مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋەزىرلىكىنىڭ (مىنىستىرلىكىنىڭ) «پەن، ئوقۇش يۇرتلار، كادىرلار تەييارلاش ۋە قايتا تەربىيەلەش باش باشقارمىسى» دا باش مۇتەخەسسىس ۋەزىپىسىنى قىلغان. 1997 - يىلدىن باشلاپ تاشكەنت

* مەخسۇس كەسىپ بويىچە ئوقۇغۇچى تەربىيەلەيدىغان ياتاقلىق مەكتەپ

دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـىدە (كېيىنچە ئۆزبېكىستان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى) ئوقـۇش بۆلۈمـى باشـلىقى،



ئۆزبېكىستان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسىدىكى خىزمەتداشلىرى بىلەن بىرگە

ماگىسـتىر بۆلۈمـى باشـلىقى، كافېـدرا مۇدىـرى، دېـكان ۋە دوتسـېنت قاتارلىـق ۋەزىپىلـەردە بولغـان.

2016 – 2017 يىللىـرى كامالىددىـن بېخـزود نامىدىكـى مىللىي رەسساملىق ۋە لايىھەلـەش ئىنىستىتۇتىدا ئىلمىـي ئىشـلار پىروۋېكتـورى لاۋوزىمىـدا خىزمـەت قىلغـان.

ھاياتىنىـڭ ئاخىرقـى يىللىـرى ئۆزبېكىسـتان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـىنىڭ «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـىدا دوتسـېنت لاۋوزىمىـدا ئىشـلىگەن.

ھاياتىـدا مۇشـۇنداق شـانلىق نەتىجىلەرنى قازىنىشىغا ئەلۋەتتە رەپىقىسـى گۈلچېھرە خانىمنىڭ قوللىشىدىن ئايرىم چۈشـېنىش قىيىـن. ئەكـرەم ئەپەنـدى گۈلچېھرە خانىم بىلەن 1972 - يىلـى تۇرمـۇش قۇرغـان بولـۇپ راھىلـە ۋە ماخمـۇت ئابدۇلئازىـزو ئىسـىملىك 2 پەرزەنتـى بـار، ئەكـرەم ئەپەندىنىڭ پەرزەنتلىرىمـۇ خـۇددى ئاتـا- ئانىسـىدەك تىرىشچان ۋە زېرەك بولـۇپ ئۆزبېكىسـتاندىكى داڭلىـق بىلىـم يۇرتلىرىـدا ئىلىـم تەھسـىل قىلىـپ، ئۆزبېـك زىيالىيلىـرى قاتارىدا ئـورۇن ئالدى.

## ئەكرەم ھاشىموۋ خىزمەت تارىخى

1990 – 1994 رېسـپۇبلىكا ئورتـا مەخسـۇس سـەنئەت مەكتـەپ - ئىنتېرناتـى مۇزىـكا نەزەرىيەسـى پەنلىـرى ئوقۇتقۇچىسـى

1994–1994 رېسـپۇبلىكا ئورتـا مەخسـۇس سـەنئەت مەكتـەپ -ئىنتېرناتـى مۇزىـكا بۆلۈمـى دىرېكتـور ئورۇنباسـارى

1994–1996 رېسـپۇبلىكا ئورتـا مەخسـۇس سـەنئەت مەكتـەپ-ئىنتېرناتىـدا 1 – دەرىجىلىـك ئوقۇتقۇچـى

1996–1997 ئۆزبېكىسـتان رېسـپۇبلىكا مەدەنىيـەت ئىشـلىرى ۋەزىرلىكـى پـەن، ئوقـۇش يۇرتلار، كادىـرلار تەييارلاش ۋە قايتـا تەييـارلاش باشقارمىسـى بـوش مۇتەخەسسىسـى

1997–1998 تاشـكەنت دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى مائناۋىيـات ۋە مەرىپـەت مەسـىلىلىرى بويىچـە بۆلۈم باشـلىقى

1998–1999 تاشـكەنت دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى ئوقـۇش بۆلۈمـى باشـلىقى

1999–2002 تاشـكەنت دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـى كاتتـا ئوقۇتقۇچىسـى

2002–2003 ئۆزبېكىسـتان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـى كاتتـا ئوقۇتقۇچىسـى

2003–2009 ئۆزبېكىسـتان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسى «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـى دوتسـېنت ۋەزىپىسـىنى باژارغۇچىسـى( ئورىنداشـلىق ئاساسـىدا 2008 – يىلدىـن ماگىسـتىر بۆلۈمـى باشـلىقى)

2009–2010 ئۆزبېكىسـتان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـى دوتسېنتى(ئورىنداشـلىق ئاساسـىدا 2008 – يىلدىـن ماگىسـتىر بۆلۈمـى باشـلىقى)

2010–2011 ئۆزبېكىسـتان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـى «بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش» كافېدراسـى مۇدىـرى، دوتسـېنتى (ئورىنداشـلىق ئاساسـىدا 2008 – يىلدىـن ماگىسـتىر بۆلۈمـى باشـلىقى)




2011–2014 ئۆزبېكىسـتان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسـى بەسـتىكارلىق ۋە چالغۇلاشـتۇرۇش كافېدراسـى دوتسـېنتى

2014–2015 ئۆزبېكىسـتان دۆلـەت كونسېرۋاتسىيەسـىنىڭ «بەسـتىكارلىق ئوركېسـتىر چالغۇلىـرى ۋە ەسـترادا سـەنئىتى» فاكۇلتېتـى دېكانـى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مەركىزىدە بىر قىسىم ئۇيغۇر زىيالىيلىرى بىلەن بىرگە




ئۆزبېكىستان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسىدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە

2017–2015 ك.بېخزود نومىدىكى مىللىي رەسساملىق ۋە لاھىيەلەش ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ئىشلار بويىچە پىروركتورى.

2017 – ئۆزبېكىستان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسى «بەستىكارلىق ۋە چالغۇلاشتۇرۇش» كافېدراسى دوتسېنتى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇيغۇر مۇزىكىسى بويىچە توختىماي ئىزچىل تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان بولسا فىرانسىيە، گېرمانىيە، بېلگىيە، ھىندىستان قاتارلىق نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە بېرىپ ئۇيغۇر سەنئىتى بويىچە كونسېرتلار بەرگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق زىيالىيسى ئەكرەم ھاشىموۋ 2022 – يىلى 9 - يانۋار كۈنى ئارىمىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى.

## ئەكرەم ھاشىموۋنىڭ ھاياتىدىن خاتىرەلەر





















Project :
Date
Proposals / Decisions / Amendments
2015 йил қилиниши керак ишлар.
3) „Минг ой" Симфонические фрески для БСО.
7) Марказни печатини янилаш
Memo
Datafile
Address

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



# بىر توپ قۇشقاچ

ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان)

(ھېكايە)

ئۆلارنىڭ بۇ يەردە ياشاۋاتقىنىغا خېلى زامان بولدى. ھويلىدىكى ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشۇرۇلماي ئېيدىتلىق قىرقىلىپ تۇرىدىغان بۆك قارىياغاچ ئۆلارنى يازنىڭ چىدىغۇسىز ئاپتىپىدىن، قىشنىڭ قەھرلىك شىۋىرغانلىرىدىن، باللىرىنى، ھەتتا تۇخۇملىرىنىمۇ يەپ قويمايدىغان قارغا-قوزغۇن، سېغىزخان، ئالىقانات قاراغوجا ۋە مۆشۈكلەردىن قوغدايدىغان مەزمۇت قورغان-سېپىل ئىدى. ياق، ياق! بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق. چۈنكى ئوزۇقىمۇ مۇشۇ ئەتراپتا. مۇشۇ بۆك دەرەخنىڭ ئىچىگە ھەرقايسى ئۆز ئالدىغا ئۇۋا سېلىشىپ، تۇخۇم تۇغىدۇ. باللىرىنى چوڭ قىلىدۇ. ئەۋلادىنى ئەۋلادقا ئۇلاپ، ھايات كەچۈرىدۇ. دېمەك، بۇ ئۆلارنىڭ زېمىنى، ۋەتىنى بولغىنىدە!

ئەتراپتا بۇ بۆك قارىياغاچتىن باشقا دەل – دەرەخنىڭ ئالۋان تۈرى يېتىپ ئاشىدۇ. ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان زىلۋا سۇۋادانلار، سەل شامال چىقسىلا ياپراقلىرى بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، گويا كىچىك باللاردەك چاۋاك چېلىشىدىغان چىرايلىق، كۆرەك، ئاق قېيىنلار، قىش-ياز غەمكىن، ياشانغان ئادەملەردەك سالاپەتلىك سېدە، ئېرەنلەر، شاخلىرى قانداق بولسا شۇنداق شاخارب ئۆسىدىغان بىغەم، كېلەڭسىز قاپاق تېرەكلەر، كۆرۈنىشىلا ئادەمنى چەكسىز ئوي-خىيالغا، مۇڭ ئارىلاش قانداقتۇ بىر تىلسىم خاتىرجەملىك بۆشۈكىگە بۆلەپ قويىدىغان مەيۈس مەجنۇنتاللار ۋە كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان گۈل-گىياھلار بۇ تەۋەنى باش باھاردىن كەچ كۈزگىچە جان ئارامىغا ئايلاندۇرىدۇ. شەھەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن كېيىن بۇ جاي ھەقىقىي جەننەت ئارىلىدەك بىلىنىدۇ. تاڭ سەھەردىن باشلاپ ئاشۇ دەرەخلەردە تۈرلۈك-تۈمەن قۇشلار مىڭ خىل ئاھاڭدا، بەس-بەس بىلەن سايراپ، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ.

ئىشىك ئالدىدىكى كەڭ-كۇشادە ئايۋان بولسا مېنىڭ ھەم ئىشخانام، ھەم ئارامگاھىم. بۇ يەردە يازنىڭ كۈنلىرى ئۆي-ئىچى جۇغجەم تاماقلىنىمىز. كۈندۈزلىرى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرە ۋە قۇشلار ئوركېستىرىنىڭ سۇغۇرۇپ – سالما نەغمىسى بىلەن ۋاقىت تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. كېچىلەر ئۇزۇن ۋە بىر قەدەر تىنچ. پەقەت چوڭ كوچىدىن ئارىلاپ ئۆتىدىغان ماشىنا، ئايرىم سەگەك ئىتلارنىڭ ئەنسىز قاۋاشلىرى، ۋە قەيەردىدۇ بىر يەردە، تىنىماي چىرىلدايدىغان چېكەتكىنىڭ ئاۋازى تۈن سۈكۈتىنى بىئارام قىلىدۇ. بىراق بىر-بىرى بىلەن زادىلا ئۇيۇشمايدىغان بۇ ئاۋازلارنى تىڭشاۋەرسەڭ، خۇددى قارا تۈننىڭ ئاجرالماس قىسمىدەك، ھەمراھلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بىلىنىدۇ.

ئەنە شۇنداق ئايدىڭ، ئىمىر-چىمىر يۇلتۇزلۇق كېچىلەردە ئۇزاقتىن-ئۇزاق ئولتۇرۇپ، خىيال دەرياسىدا ئۈزۈشنى ياقتۇرىمەن. تۈتاشتۇرغان تاماكامنىڭمۇ كۆيۈپ تۈگىگەنلىكىنى سەزمەي قالىمەن. ياش ئۇلغايغانسېرى، ئۇيقۇ قېچىپ، ئادەم ئەنە شۇنداق ئەگىز سۇغا ئوخشاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. بۇ چاغدا مېنىڭ قوشنىلىرىم – بىر توپ قۇشقاچ – سۈت ئۇيقۇدا.

بايقۇشلار كۈن بويى «چىرىك-چىرىك-تىرىكچىلىك» دەپ، تىنىماي ئۇچۇپ، سەكرەپ، راسا چارچىسا كېرەك. بۆك ياغاچتىن «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقمايدۇ. «قوشنا غايىبتىن» دېگەن سۆز بار. «قوشنا ھەققى»، «قۇشلار ھەققى» دېگىنىمۇ كونىدىن قالغان ئەڭگۈشتەر. بۇ جەھەتتىن «قوشنىلىرىم مېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى بولۇشى كېرەك» دەپ جەزم قىلىمەن. تاماق قالدۇقلىرى ئىت - مۈشۈكتىن ئاشماي قالغان پەيتلەردە، ئۆيدىن نان ئەپچىقىپ، ئۇۋۇتىپ چېچىپ بېرىمەن. ئۇماق نەۋرەم تاش ئېتىپ ئۈركۈتكىدەك بولسا جىملەيمەن. مۇنداق چاغلاردا ئايالىم كايىشقا باشلايدۇ.

– نەۋرىدىن ئارتۇقمىدى بۇ قۇشقاچلار! نېمانداق كىچىككىنە بالىنى سىلكىشتۈرىسەن؟

– ھەي نادان، بۇ تىلسىزلارنىڭ مۇنۇ باراقسان قارىياغاچنىڭ ئىچىدە باللىرى ئاچ ياتىدۇ. شۇلارغا ئۇۋال.

– پاھ، بۇ بەڭگىنىڭ كۆيۈمچان بولۇپ كەتكىنىنى! كۆزۈڭنى يوغانراق ئاچ. بۇلار سېنىڭ قولۇڭغا قاراپ قالغىنى يوق. ئەتىدىن كەچكىچە باللىرىغا يەم توشۇيدۇ. ساڭا ئوخشاش كەچكىچە تاماكىنى پۇرقىرىتىپ ئولتۇرمايدۇ!

بۇ ئەنى نەق مېنىڭ «ھويلامغا» ئېتىلغان تاش. مېنىڭ ئويچان، خىيالچان يۈرىكىمگە سانجىلغان خەنجەر. ئارتۇق چىدىمىدىم:

– ئاغزىڭنى يۇم! بىكار ئولتۇرغىنىم يوق.

– بىكار ئەمەسمىش! بىر ئاي بولدى تىتىلىپ كەتكەن كىتابنى تەتۈر تۇتۇپ ئولتۇرغىنىڭ...

جان-ئىمانىم چىقىپ كەتتى:

– ھەي، «ئا»، «ب» دېسە، دەيدىغان گاچا. بۇ ئەرەب يېزىقىدىكى كىتاب. ئوڭدىن سولغا ئوقۇلىدۇ، – تېرىككىنىمدىن تاماكىنى تەتۈر چىشلەپ تۈتاشتۇرىۋەتكىنىمنى سەزمەي قاپتىمەن. خوتۇن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

– كىتابنى تەتۈر ئوقۇۋېرىپ، ئۆزۈڭمۇ تەتۈر بولۇپ كېتىپسەن، – نەشتىرىنى

سانجىدى ئۇ. مەنمۇ بوش كەلمىدىم:

– ئەگەر بىلسەڭ، بۇ كىتاب «ئەرنىڭ زاۋالى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ساڭا ئوخشاش ئەرنى خورلايدىغان ناكەسلەر ھەققىدە يېزىلغان، – دەپ سوقتۇم ئۆچۈمنى ئالماق بولۇپ.

كىتاب تۇرماق، گېزىتقا قاراپ قويمايدىغان ئايالىم مېنىڭ بۇ ۋايساشلىرىمغا پىسەنتمۇ قىلمىدى. ئۇ نەۋرەمنى يېتىلەپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. مەن يەنە يالغۇز قالدىم. يالغۇز دېگىنىدەك يالغۇز ئەمەس. قوشنىلىرىم بىلەن.

مەن ئەندى شۇلار ھەققىدە ئۆزۈمچە مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدىم.

ئاخىرقى چاغلاردا ئايالىم ئىككىمىز ئارىسىدىكى ماجىرا -تالاش يەنە مۇشۇ بىر توپ قۇشقاچقا بېرىپ تاقىلىدۇ. باشقا ماۋزۇدىكى ماجىرالار ئاللىقاچان، ئۇزۇن يىللىق ئائىلىۋى ھاياتىمىزدىن كېيىن، ئەلۋەتتە، تۈگىسە كېرەك. ئارىمىزدىكى كۆڭۈل ئاغرىتىشلارغا سەۋەب بولۇۋاتقان بۇ كاساپەتلەر نەدىنىلاراق پەيدا بولۇپ، بىشىمغا ئۈنگەندۇ!؟ راست، مۇنۇ بوستاننى چىۋىق ۋاقتىدا تىكىپ ئۆستۈرگەن ئۆزۈم. چىرايلىق قىرقىپ قويۇۋىدىم، ھويلامغا بىر ئۈبدان زىننەت بەردى. كىرگەن-چىققانلارمۇ زوقلىنىپ قارايدۇ. مېنى ماختىشىدۇ. مېنى «بىكار تەلەپ» دەپ كايىيدىغان ئايالىمغا كۆزۈمنىڭ قىرىدا مەغرۇرانە قاراپ قويىمەن.

مەن ئۆز قولۇم بىلەن بىنا قىلغان بۇ بوستانلىققا يېڭى قوشنىلار كۆچۈپ كەلگىنىدىن بۇيان مېنىڭ ھاياتىم، ۋۇجۇدۇمدا خېلى ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى! بوش ۋاقتىم بولسىلا، ھە ئايالىمنىڭ كۆڭگە بەش ۋاق تەكىتلىشى بويىچە، «بۇ ماڭا ئاللاھنىڭ بەرگەن رەھمىتى»، تەبىئەت، قۇشلار، ئومۇمەن يەنىلا شۇ ئاللاھ ياراتقان، ئادەمدىن باشقا، مەخلۇق ۋە مەۋجۇداتلار ھەققىدە ئويلايدىغان بولدۇم.

بۇ قېتىم گەپ پەقەت قوشنىلىرىم ھەققىدىلا بولسۇن. چىراي-تۇرقىدىن ئۇلارنى بىر-بىرىدىن ھېچ پەرق قىلىشقا بولمايدۇ. يېنىدىلا ئۆسكەن ئالۇچا دەرىخىنىڭ مېۋىلىرى ئوخشاش، بىر-بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ. تىنىمسىز. ئۆزلىرىنىڭ پۈتمەس تىرىكچىلىكى بىلەن بەند، ھوشيار. باشقىلار دانلاۋاتقاندا نۆۋەت بىلەن بىرى ئېگىز دەرەخ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، چەتتىن كېلىدىغان خەتەرنى كۆزىتىدۇ. ھېچ كىمگە زەرەرى يوق. ئەكسىنچە، ئىت - مۈشۈك ياكى قارغا، قاراغوجا يېتىپ كەلسە، دەرھال دەرەخ ئارىسىغا قېچىپ كىرىپ كېتىدۇ. راست، بۇ قىلىقى ماڭا ئانچە ياقمىسىمۇ، بالىلىرى چېغىدا پاشا، چىۋىن، كۈمۈتىلارنى سەكرەپ تۇتۇپ، يەپ يۈرگىنى ئۈچۈن بۇ ئەيىبىگە كۆز يۇمۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇلار باشقا قۇشلارغا ئوخشاش مېۋە-چېۋىلەرنىمۇ چوقۇلمايدۇ. ئەتىمالىم، مەن بەرگەن تاماققا قانائەت قىلسا كېرەك.

قۇشقاچلاردا بۇلبۇل، كاككۇك ۋە باشقىلار ئوخشاش زىلۋا، مۇڭلۇق ئۈنمۇ يوق. ۋىچىر-ۋىچىر بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئاما زەڭ قويۇپ تىڭشىساڭ، شۇ ۋىچىر تېگىدە جىق گەپ باردەك. ئۇلار ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ. بىر-بىرىگە كۆرگەن – بىلگەنلىرىنى ھېكايە قىلىشىدۇ. ھەر ھالدا، ماڭا شۇنداق بىلىنىدۇ. ئاۋۇ كۈنى ئۇلارغا دان چېچىۋاتقانلىقىمنى كۆرگەن يان قوشنام مېنى مەسخىرە قىلغاندەك:

– بۇلاردىن ساڭا نېمە پايدا؟ ئۇنىڭدىن توخۇ، ئەڭ بولمىغاندا بۆدۈنە باقساڭ بولمامدۇ! نەۋرىلىرىڭگە تۇخۇمىنى يېگۈزسەڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ – دەپ جۆيلىدى.

– راست، سەن دېگەندەك بۇلارنىڭ بىر پايدىسى يوق. لېكىن بەزى ئادەملەرگە نىسبەتەن زىيىنىمۇ يوق! شۇنىڭ ئۆزىمۇ مېنىڭ ئۈچۈن غەنىيمەت! پايدا! – دېدىم دارتىپ. بىر تىيىنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتىدىغان قوشنام غۇدۇڭشىغىنىچە قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن: «ساراڭنىڭ بىر قىلىقى ئارتۇق» دېگەندەك، مۇشۇ پەسمۇ ئارىلاپ توغرا پاراڭ قىلىدە، دەپ ئويلىدىم بىردىن قارغىلار ئېسىمگە چۈشۈپ. ئۇنىمۇ، تېلەتىمۇ سەپرايىمنى قوزغايدىغان قەدىمكى قارغىلار كۆزدە نەۋرەم ئىككىمىزنى بىر خۇشال قىلىپ قويىدۇ.

بىزنىڭ باغدا ياڭاق يوق. «سايىسىدا ئۇخلاپ قالسا ساراڭ بولۇپ قالغىدەك» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ئۈنى باغقا يېقىن يولاتمىدىم. ھەقىقەتەنمۇ، باشقا دەرەخلەر كىسلورود بۆلۈپ چىقارسا، ياڭاق ئەكسىچە، تازا ھاۋانى سۈمۈرىپ، ئەسكىسىنى سىرتقا چىقىرىدىكەن. بۇ جەھەتتىن ياڭاق بىز، ئادەملەرگە، يېقىن ئىكەن. ئاما مېۋىسى ئېسىل. قارغىلارنىڭ ھاڭۋاقتىلىقى تۈپەيلى، كۈزدە 10 - 15 كىلو ياڭاقنىڭ غېمىنى قىلىشۋالىمىز. ئۇ جوھۇتلار ئەتراپتىكى قوشنىلارنىڭ ياڭىقىنى تىنىماي ئوغرىلايدۇ. يېنىمىزدىكى ئېگىز دەرەخكە قونۇۋېلىپ، ئۈنى چېقىپ يېمەكچى بولغىنىدا يەرگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. بىز بېخۇدەك يىغىۋالىمىز. خۇددى بازاردىن نەق پۇلغا سېتىۋالغاندەك، ئۆيگە ئەكىرىپ جوزىغا «جاققىدە» قويىمەن. بۇ «مەنمۇ بىكار يۈرگىنىم يوق» دېگەن ئىشارەت. نەۋرەمنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىدۇ. موممىسى تاڭگا چىشلەپ قالىدۇ. مېنىڭ بىچارە قۇشقاچلىرىم بولسا ئۇنداق ياڭاق توشۇيالمايدۇ. ئۆزلىرىمۇ ياڭاقتىن سەللا يوغان. لېكىن ئۇلار زېمىنغا سادىق. باشقىلارغا ئوخشاش ئېغىزنىڭ ئاستىدا، يېنىكنىڭ ئۈستىدە يۈرمەيدۇ. كۈزدە سوغۇقتىن قېچىپ، ئىسسىق ماكان ئىزدىمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى بەربىر ئەلا كۆرىدۇ!

ئاۋۇ كۈنى قۇشقاچلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ، بالىلىقتىكى ئەيىبىم ئەسكە چۈشۈپ، ئۆزۈمنى تولىمۇ ئوڭايسىز سەزدىم.

...قىش پەسلى بولىدىغان. كەچ كىرگىچە چانا ئويناپ، ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە كىرسەك، دالان ئۆيدىكى تاختۇشتىكى سۇتىنىڭ يۈزىنى بىر توپ قۇشقاچ دۇنيادىن بىغەم چوقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئىنىم ئىككىمىز قوغلاپ يۈرۈپ، بىرىنى تۇتۇۋالدۇق. ياخشىلاپ جازالىماقچى بولدۇق. ھە – ئەي، بەڭباشلىقتە ... بالا دېگەن بەزىدە قىپ – قىزىل

www.uyghurkitap.com

بالا-قازاغۇ! ھېلىقى بىچارىنىڭ قۇيرۇقىغا قەغەز باغلاپ، ئوت يېقىپ قويۇۋەتتۇق. ئۇنىڭ قوي قوراسى ئۈستىگە يېپىلغان چەگزىلەرنىڭ ئارىسىدا ياشايدىغىنى كىمنىڭ ئېسىگە كەلسۇن! بىر چاغدا نېرىقى ئۆيدىن ۋاڭ – چۇڭ چىقتى. يۈگۈرۈپ چىقساق، ئېغىلغا ئوت كېتىپتۇ. ئىچىدە قوي-ئۆچكە، ئۈستىدە قۇرۇق چۆپ... ئۆچكىلەرغۇ قۇۋ، ئەقىللىكرەك ئوخشايدۇ. مۆمىن، ساددا قويلار بىرىنىڭ قۇيرۇقىغا بىرى بېشىنى تىقىپ تۇرۇۋېرىدىكەن. پاخپايغان يۈڭلىرى خېلى كۆيۈپتۇ. بىر-ئىككىسى خاراب بولغان ئوخشايدۇ. ئوت ئۆچۈرۈشكە ياردەم قىلغانلار ئەتىسى گۆشكە بىر تويۇۋېلىشتى. بىز قاتتىق قورقتۇق. خېلىغىچە ئۇ كوچىغا ئۆتۈشتىنمۇ ئەيمىنىپ يۈردۇق. شۈكرىكى، بىزنىڭ جىنايىتىمىزنى ھېچكىم سەزمىدى. بىراق بۇ ۋەقە ئارىلاپ ئەسكە چۈشكەندە، پۇشايماننى ئالىدىغانغا قاچا تاپالماي، تىت-تىت بولۇپ كېتىمەن. مۇنداق چاغلاردا قوشنا قۇشقاچلىرىمدىن ئەپۇ سورىغاندەك، ئۇلارغا نەۋرەمگە ساقلاپ يۈرگەن يۇمشاق نان، پېچىنىلەرنىمۇ ئەپچىقىپ بېرىمەن.

قوشنىلار بىلەن ئىجىل-ئىناق ھاياتىمىزنىڭ، كۈزنىڭ سېرىق ياپراقلىرىدەك، بىر-بىرىدىن ھېچ پەرق قىلمايدىغان، كۈنلىرى ئاستا ئۆتۈۋەردى. دەسلەپ قوشنىلىرىم بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كەلگەندە بىر جۈپ ئىدى. مانا، ئاز يىلدا ئۇلارنىڭ سانى ئوتتۇزدىن ئېشىپ قالدى. بىر قىزىقى، مەن ئاستا-ئاستا ئۇلارنى بىر-بىرىدىن پەرق قىلىشقا باشلىدىم. ئەركەك-ئۇرغۇچىسى ئۆز ئالدىغا. سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولساڭ، ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگىلا خاس بىر بەلگىلىرى بار. كۈندە كۆرۈۋەرسەڭ، ئۇنى ئايرىۋېلىش تەس ئەمەس. ئۇلارنى پەرق قىلىشنىڭ يەنە بىر ئاسان ئۇسۇلى مەۋجۇد. بۇ – قۇشلارنىڭ ئادەت، مىجەز – خۇلقى، قىلىقى، بىر-بىرىگە بولغان مۇناسىۋەتلىرى. توۋا، بۇ جانىۋارلاردا ئادەمزاتتا بار جىمى ياخشى-يامان قىلىقلارنىڭ ھەممىسىلا مەۋجۇد ئىكەن دېگىنە! مۇبادا مەن باشتىنلا مۇشۇ ساھەنى تاللىۋالغان بولسام، كىم بىلىدۇ، بەلكىم، ئاتاقلىق ئورنىتولوگ - ئالىم بولۇپ كېتىشىممۇ ئوبدان مۇمكىن ئىدى. ئالىم بولمىساممۇ، ھەر ھالدا ھازىر ئورتاك قول مۇتەخەسسىسلەرگە بوي بەرمىگۈدەك تەجرىبىگە ئىگە بولدۇم.

شۇنداق قىلىپ، مەن مىجەز - خۇلقى، قىلىقلىرىغا قاراپ، قۇشقاچلارنى ھەر بىرىنى ئەخلاقى ئۆزلىرى بىلەن راسا ئۇيۇشىدىغان تونۇش-بىلىشلىرىمنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاشقا باشلىدىم. تېرىككەندە لەقەملىرىنىمۇ قوشۇپ ئاتاپ قويىمەن. مۇنۇ پەس، نېرىدا ئولتۇرغىنى مەمەدان، ئاۋۇسى مەرەز، بىرى ساددا، مۆمىن، يەنە بىرى قۇۋ... قويساڭچۇ! ئوخشىسىمۇ شۇنچە ئوخشارمۇ! گاھىدا ئاشۇ تونۇشلىرىم ئىلگىرىكى ھاياتىدا قۇشقاچ قىياپىتىدە ياشىغانمىكىن، دەپمۇ قالىمەن.

... ئەڭ قىزىقى، ئۆيدىكىلەرنى ۋە ئۆزۈمنىمۇ ھەيران قالدۇرغىنى، مەن ئۇلارنىڭ تىلىنى... ھە-ھە زۇۋانىنى ئۇقىدىغان بولۇپ قالدىم. توۋا، خۇدايىم! باشتا، ئايالىم ئېيتقاندەك، راستىلا ساراڭ بولۇپ قالمىغاندىمەن دەپ، پۇت-قولۇم، باش-كۆزۈمنى تۇتۇپ كۆردۈم. تېنىمەي دۇرۇس تاپتىم. شۇندىمۇ، ھەر ئېھتىمالغا قارشى، ئۆزۈمنى يەنە بىر سىناپ كۆرمەكچى بولدۇم. ئۆيدىكىلەر ئارىلاپ دۇكانغا چاي-تۇزغا ئەۋەتكەندە، ھازىر بۇ خىزمەتنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن تولۇق ئۆز ھۆددەمگە ئېلىۋالدىم، ئىقتىساد قىلغان مايدا-چۈيدە پۇلنى بىرەر ئىنسابسىز ئاغىنىلىرىم كېلىپ قالسا، ئىنسابلىقلىرى ئۆزلىرى ئالغاچ كېلىدۇ، ئالدىغا جاققىدە بىر شېشە قويارمەن دەپ، تىقىشتۇرۇپ يۈرگەن «خەزىنەمنى» ئىزدەپ باقماقچى بولدۇم. يەنە ھېچ تېنىمەي تاپتىم! شۈكرى... تۈزۈك ئىكەنمەن! ئۆزۈك بار، ياراتقان ئىگەم! تىل-كۆزدىن مۇندىن كېيىنمۇ ساقلىغايسەن.

بۇ دۇنيا راستتىنلا بىۋاپا ئىكەن. پۇلۇڭ، گالىستۇك تاقىغۇدەك بىرەر خىزمىتىڭ بولمىسا، ياتلار تۇرماق قېرىنداشمۇ سېنىڭدىن ئاستا-ئاستا يۈز ئۆرۈيدىكەن. توي بۇ ياقتا تۇرسۇن، نەزىر-چىراغلارغىمۇ چاقىرمايدۇ. ھېلىمۇ كىتاب بىلەن تېلېۋىزورنىڭ بارى. ئايالىمنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۆيدە بار كىتابنى ئوقۇغىنىمۇ، تەتۈرىگىمۇ ئوقۇپ بولدۇم. تېلېۋىزور ئارقىلىق دۇنيادىكى ياخشى – يامان ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، «ئەركىن سىياسەتچىمۇ » بولۇپ كەتتىم. ئارىلاپ نەۋرەمگە كەمپۈت بېرىپ يۈرۈپ، ئىنتېرنېتقىمۇ كىرىپ كېتىمەن. ئاخىرى، ئۇلاردىن ئىتتەك زېرىككىنىمدە، تەلىيىمگە خۇدايىم مۇشۇ قوشنىلارنى ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى توق، مېنىڭ زە كۆڭلۈم. ئۇلارغا ۋاقتىدا تاماق بېرىپ، زېمىننى دائىم قىرقىپ پەدەزلەپ، ئەتراپنى تازىلاپ بەرگىنىم ئۈچۈن بايقۇشلار ماڭا تېزلا باغىر بېسىپ قېلىشتى. بۇلارنىڭ باشلىقىمۇ، ئاشپىزىمۇ، چاكىرىمۇ بىر ئۆزۈم. ئەمدى ئۇلارنىڭ زۇۋانىنى ئۇققاندىن كېيىن مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ بەختىيار كۈنلەر قايتا باشلاندى. قۇشقاچلارنىڭ تىرىكچىلىكى، تۇرمۇش تەرزىمۇ ماڭا باش قولدەك ئايان بولۇپ كەتتى. بۇ جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ بىزدىن ئانچە پەرقى يوق.

زىمىستان قىش كېتىپ، «باھار كېلىشى بىلەنلا ئۇلار بۆلەكچە جانلىنىپ كېتىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇت-قوڭغۇز ئوۋلايدۇ. مەنمۇ ئارام ئېلىپ قالىمەن. توۋا، ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش كۆككە «بىر تويۇۋېلىشنى» ياخشى كۆرىدىكەن. دەرەخلەر بىخ ئۇرغاندا ئۇلارنىڭ باش بۇردىسىنى قەۋەت ياقتۇرىدۇ.

– چۆچۈرەڭلار ئوخشاپتىمۇ، ئاغىنىلەر؟ – دەپ سوراپ قويىمەن.

– بەك ئوخشاپتۇ، غوجايىن، كېلىنىڭ ئېغىز تېگىڭ، – دەيدۇ ئۇلار ئەتراپىمدا چۆرگۈلەپ ئۇچۇپ!

مەن قوشنىلىرىمنىڭ مەردلىكى ۋە سىپايىلىكىغا قايىل بولىمەن. ئۇلارنىڭ مۇندىن كېيىنمۇ دائىم توق ۋە بەختىيار ياشىشىنى تىلەيمەن.

كۈنلەر ئىسسىشقا باشلىغاندا بۇ جانىۋارلارمۇ ئىشقى-ھەۋەسكە بېرىلىدۇ.

ئو، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ، ياراتقان ئىگەم! سېنىڭ مۆجىزىكار ئىكەنلىكىڭ بەرھەق ئىكەن. مەن ئىلگىرى مۇنۇ كۆرۈمسىز قۇشقاچلارنىڭ بۇ چاغدا مۇنچىۋالا گۈزەل، ۋىجىرلىشىنىڭ تولىمۇ نەپىس، زىلۋا بولىدىغانلىقىنى بايقىمىغان ئىكەنمەن. ئۇلار بۇ كەمدە ئەگىز سۇلاردا پات-پات يۇيۇنۇپ، كىچىككىنە تۇمشۇقلىرى بىلەن پەي-قاناتلىرىنى تارىشىدۇ. قىشتا دان تالىشىپ ئۇرۇشۇپ قالاتتى. ئەندىزە بىر-بىرىگە شۇنچە ئامراق، مېھرىبان. قېرىپ قالغانلىرى چېغىدا قاناتلىرى بىلەن يەر سۈپۈرۈپ، ئۆز مېكىيانلىرىنى باشقىلاردىن قىزغىنىپ، ھەيۋە قىلىپ قويىدۇ. بىر مەزگىل ئۇلار ئەنە شۇنداق ئەنسىز ۋە، كىم بىلىدۇ، دۇنيادىكى بەختى ئەڭ چەكسىز مەۋجۇداتلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىلاھىم، بۇ يىلمۇ ئۇۋۇاڭلار بالىغا تولسۇن، مېنىڭ ئەزىز-قەدىردان، قوشنىلىرىم! ئەۋلادىڭلار كۆپەيسۇن. زېمىنىڭلار تېخىمۇ ئاۋات بولسۇن!

ئۇلارنىڭ شات-شادىمان، بىغەم، خاتىرجەم ھاياتى مېنىڭدە ئارىلاپ ھەۋەس، قىزغىنىش، قىزىقىش ئوخشاش سېزىملارنى ئويغىتىشقا باشلىدى. مېنىڭمۇ ئۇلار ئوخشاش كۆكتە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، ئالەمنىڭ گۈزەل جايلىرىنى تاماشا قىلغۇم، سۆيگۈ شارابىغا تويۇپ، مەستانە — مەستخۇش ھايات كەچۈرگۈم، قىسقىسى، دۇنيادىكى بار لەززەتكە غەرق بولغۇم كېلەتتى. پاھ، بۇلارنىڭ ئويۇن —تاماشا، مەشرەپلىرىنىڭ قىزىقلىقىچۇ! ناخشا-سازىچۇ! دۇنيادا مۇنداقمۇ تەڭدىشى يوق ئىقلىملار بولىدىكەن! بەزى كۈنلىرى ئۇلار تاڭ ئاپپاق ئاتقىچە ناخشا ئېيتىپ، ساز چېلىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. بىر-بىرىگە سىرلىق كۆز قىسىپ، قاش ئېتىپ، بېيىت-قوشاق ئېيتىشىدۇ:

قارا-قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى،

قارا قاشىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى...

مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ ناخشىسىغا قوشۇلۇپ كېتىمەن. ياش،دەۋران سۈرگەن چاغلىرىمنى ئەسلەپ، خۇش بولىمەن... بىراق بەزى ناخشىلىرى تولىمۇ غەمكىن، دىلئازار ...

مەن ئۆلۈپ تۇپراقتا ياتسام،

كىم مېنى ياد ئەيلىسۇن؟

دوستلىرىم غەمكىن بولۇپ،

دۈشمەنلىرىم شاد ئەيلىسۇن!..

توۋا، كىچىككىنە، بەستى باغدىكى ئۆرۈكچىلىكمۇ چىقمايدىغان جانىۋارلاردا نېمە ئۇنداق پۈتمەس-تۈگىمەس غەمكىننە بۇ! قوشنا بولغاندىن بېرى ئۇلارنىڭ بىرەر ئازاب -زەخمەت چەككىنىنى كۆرمىۋېدىمغۇ. يە، ئىلگىرى ياشىغان جايلىرىدا جەبىر كۆردىمىكىن ؟ يە بۇ ناخشىلار ئۇلارغا دەردمەن ئەجدادلىرىدىن مىراس قېلىۋېدىمىكىن؟

بۇ ياقلىرى ماڭا نامەلۇم ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ سىرىنى بىلىش، قەلبىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ئىستىكى بۇ كۈنلەردە مېنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىمنىڭ بىرىگە ئايلاندى. مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىنى سىنئالغۇغا، گەپ-سۆزىنى ئۈنئالغۇغا يېزىشقا باشلىدىم. كېلەچەكتە ئۇلار ھەققىدە غايەت زور بىر ئىلمىي ئەسەر يېزىپ، ھەممىنى، بولۇپمۇ، مېنى ئاللىقاچان ساراڭغا چىقىرىۋەتكەن ئۆيدىكىلەرنى تاڭ قالدۇرغۇم كەلدى. چۈنكى ئۇلار بوينۇمغا ئېسىۋالغان سىنئالغۇ، قولۇمدىكى ئۈنئالغۇ ۋە قەغەز-قەلەملەرنى كۆرۈپ، ماڭا ئېچىنغان قىياپەتتە، يېنىمدىن ياقىسىنى تۇتۇپ، بېشىنى چايقاپ ئۆتۈپ كېتەتتى. تۆشۈك قۇلاق ئاڭلىمامدۇ؟ يۇت ئىچىدە: «ۋاي، سايىم ساراڭ بوپ قاپتەك!» دېگەن ئەپقاچتى گەپلەر پۇر كەتكىنى نەۋاق! دەۋەرسۇن! ئاغزى ئۆزلىرىنىڭ. ئۆمرى يانچۇق غېمى بىلەن ئۆتۈۋاتقان بۇ قورساققېپىلەر بىلەن نېمە كارىم! ھازىر مېنىڭ بار زېھنىم، دىققىتىم قوشنىلاردا ...

ۋاقىت غۇيۇلداپ ئۆتمەكتە. مېنىڭ چۈشۈرۈۋالغان، يېزىۋالغان ماتېرىياللىرىم دۆۋە دۆۋە بولۇپ كەتتى. ئەسەرلەرگىمۇ تۇتۇش قىلىۋەتتىم. ئۇنىڭغا «كېلەچەككە ياكى ئەۋلادلارغا خەت» دەپ تېما قويۇپ ئۇلگۈردىم. ئىشەنچىم كامىلكى، مەندەك بىر «ساراڭنىڭ» كىتابىنى يورۇققا چىقىرىشقا يەنە بىر «ساراڭ ھامىيى» تېپىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئوقۇيدىغان بىرەر زاماندىش تېپىلمايدۇ. گېپىڭغا قۇلاق تۇرمەيدىغان بۇ خەق كىتابىڭنى نەدىن ئوقۇسۇن! شۇڭا بار ئۈمىدنى كېلەچەككە ئارتقان ھالدا، يەنە بىر تەرەپتىن قىممەتلىك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئالماس نىيىتىدە، كۈندىلىكىمدىكى، ئەسەردىن ئەمەس، ئايرىم خاتىرىلەردىن پەقەت ئۈزۈندە كەلتۈرۈشنى توغرا كۆرۈۋاتىمەن.

...مارتنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە ئاپرېل. قوشنىلىرىم نورۇز مەيرىمىنى نىشانلاش بىلەن بەنۇ بولدى. مەھەللىمىزدىكى باشقا ئۆيلەردە ياشاۋاتقان قۇشلار ئۆز — ئارا بىر-بىرىنى مېھمانغا چاقىرىپ، راسا بەزمە قىلىشتى. ئېقىم-چىقىمنى بىز كۆتۈردۇق. چۆچەكلەردىكى «40 كېچە-كۈندۈز تويى قىلدى» دېگىنى بىكار پاراڭ ئەمەس ئىكەن. بايقىغىنىم — بۇ مەرىكىلەرگە ئۇلار ھۆپۈپ، سۇڭگۈچ، قارىغوجا، غورالداي ۋە باشقىمۇ قېرىنداشلىرىنى تەكلىپ قىپتۇ. لېكىن ئۆزلىرى ئۇلارنىڭكىگە بېرىشمىدى. پەرىزىمچە، چاقىرمىغان ئوخشايدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇششاق سۆز-غەيۋەت كۆپىيىپ كەتتى. «پالانچى ئۆيىنىڭ غوجايىنى مەرد ئىكەن. بۇغداي-قوناق، تېرىق دېگەننى تۆكۈپ تاشلىدى» ياكى: «پوكۇنچى تولىمۇ پىخسىق ئوخشايدۇ. چىۋىن چېغىدا پوق بار يەرگە باردۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا «قۇش» دېگەن ئۇلۇغ نامىمىز بار. بۇنىڭدىن كېيىن كەلسە-كەلمەس چاقىرغان يەرلەرگە بېرىۋەرمەيلى»، دېگەن ئوخشاش رەنجىش-ئېتىرازلار قۇلىقىمغا چېلىقتى.

...1 -ماي. بۇ كۈنى ئۆزىمىزدە مەيرەم بولغاچقا سىرتقا چىقماي، تېلېۋىزورغا يېپىشتىم. بىراق دېرىزىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ھاۋادانى ئۇچۇق. ھەممە نەرسە ئاشكارا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. قوشنىلىرىم ئىنتايىن ھېسسىياتقا بېرىلىپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلىشۋاتىدۇ. تەرەپ-تەرەپتىن كىمنىدۇر بىرىنى يامانلاشقا باشلىدى. «بۇ بىشىمىزغا چىقىۋالدى. بەرگەن يۈندىسىنى داقاق قىلىپ، ئاغزىغا كەلگەننى دەيدىغان بولدى. ئۆزىمىزگە يېڭى ھاكىم سايلايلى» دېگەن سۆزلەردىن كېيىنلا، گەپ ئۆزۈم ھەققىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. چىشىمنى چىشىمغا بىسىپ، ئاخىرىغىچە تىڭشاشقا قارار قىلدىم. چۈنكى مېنىڭ كېلەچەك ئەۋلادقا توغرا، ھەقىقىي ئاخبارات يەتكۈزۈش خاھىشىم ئۈستۈن.

– بۇنىڭ سۆزىنىڭ سېسىقلىقىچۇ؟ تېخى ھەر قايسىمىزغا لەقەم قويىۋالغىنىنى دېمەمسىلەر!

– مۇنۇ چولمۇ شۇنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، – دېدى زوغۇي لەقەملىك قوشنام ئۆز ئىچىدىكى بېگىنىڭ كۆزىگە قانتىنى تىقىپ، – ئالدى بىلەن مۇشۇ شۇم بۇيىنى قورۇتۇش كېرەك.

ئاخىر ئۇلار مەن «يوگرەپچىچار» دەپ ئات قويىۋالغان مەمەدان قوشقاچنى ئۆزلىرىگە باشلىق سايلاپ تىنىشتى.

...5 - ماي. يەنە ۋاڭ-چۇڭ «يوگرەپچىچار» ئورنىدىن ئېلىندى. ئورنىغا ئاغزىدا گەپ تۇرمايدىغان «چويلا» باشلىق بولدى. بىرىنىڭ قانىتى، بىرىنىڭ ئايىغى سۇنۇپ، يەنە بىرلىرىنىڭ قاپاقلىرى يېرىلغىنىغا قارىغاندا، سايلام ھەددىدىن تاشقىرى «دېموكراتىك» ھالدا ئۆتكەن ئوخشايدۇ.

...9 - ماي. بىز غەلىبە مەيرىمىنى نىشانلىدۇق. بىراق قوشنىلار ماكانىدا ھەقىقىي ئۇرۇش ئەۋج ئالدى. ماجىرا بوك بوستان ئىچىدىكى شامال تەگمەيدىغان خىلۋەت ئۇۋىلارنى قايتا تەقسىم قىلىشتىن باشلاندى. ئاخىر توپلارغا بۆلۈنۈپ، «ئۇ يەرلىك»، «بۇ يەرلىك» بولۇشۇپ كەتتى. باشچىلار تېز يۆتكىلىشكە باشلىدى. بىردە «تاۋاقچى»، بىردە «قازانباش»... مەن ئادىشىپ قالدىم.

...20 - ماي. «يوگرەپچىچار» بەگلىكىنى قايتا قولغا ئېلىش نىيىتىدە، قارىغوجىلار پادىشاھىسىغا مەكتۇپ يېزىپ، كۆپ سوۋغىلارغا ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى قوشۇپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، دېگەن پاراڭ پۇر كەتتى.

...1 - ئىيون. بۈگۈن بىزنىڭ ھويلىغا بىر توپ قارىغوجىلار ئۇچۇپ كېلىشتى... مەن ئۆزۈمنى ناچار سېزىۋاتىمەن. ئۆيدىكىلەر «تېز ياردەمنى» چاقىر...

***

...ئەتراپىمدا ئاپپاق كىيىنگەن بىرىدىن – بىرى چىرايلىق قىزلار پەرۋانە بولۇپ يۈرۈشىدۇ. بىرى قان بېسىمىمنى ئۆلچەيدۇ. بىرى ئوكۇل سېلىپ قويىدۇ. يەنە بىرى مېنى كىچىك بالىدەك قوشۇق بىلەن تاماقلاندۇرۇپ، ئاغىز-بۇرۇنۇمنى پاكىز سۈرتىدۇ. ھەتتا ئېدەن يۇيىدىغان قىزچاقمۇ ماڭا سەدەپتەك چىشلىرىنى نامايىش قىلىپ، ئەتراپىمدا چىر پىرقىرايدۇ.

ئۆيدىكىلەرنى ئىزدىدىم. ھېچ قايسى كۆرۈنمەيدۇ. نېرى-بېرى ئويلاپ، «نەق جەننەتكە چۈشكەن ئوخشايمەن. بۇ مېنىڭ ئاشۇ قوشنىلىرىمغا، ھەممىسى تىلسىز دەپ ھېسابلايدىغان قۇشلارغا قىلغان ياخشىلىقىمنىڭ شاراپىتى بولسا كېرەك»، دېگەن قارارغا كەلدىم.

ئاخىر، ئاھانەت، كىنايە، رەنجىشلەرگە تولغان ھاياتىمغا قارىغاندا، بۇ يەرنىڭ مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنىمۇ سېزىۋاتىمەن. بىراق، قوشنىلارنىمۇ سېغىنغاندەك قىلىپ تۇرىمەن. خەيرىيەت، ئەتراپىمدا شۇنچە ھۆر پەرىلەر يۈرگەندە ئۇلارنى نېمە قىلاي...

مەنمۇ ئەر كىشىغۇ. ئاشۇ گۈزەل قىزلارنىڭ قوللىرىنى تۇتقۇم، بەللىرىنى قۇچاقلىغۇم كەلدى. شۇنداق شېرىن خىياللار بىلەن سەل مىدىرلىۋېدىم، خۇددا پانا بەرسۇن، بار ئەزايىم شاقىراپ ئاغرىپ كەتتى. سىنچىلاپ قارىغۇدەك بولسام، پۇت-قولۇمغا نەيچىلىرى بار يىڭنە، ئاغزىمغا تىرۇبكا سېلىپ قويۇپتۇ. «ۋاي، مۇنداق جەننەتنىڭ ئاغزىغا مىڭ... مەمپەرنى كۆرسىتىپ قويۇپ بەرمىگەندەك، بۇ نېمە مەسخىرىلىك! يە، قوشنىلارنىڭ قارغىشىغا قالدىممۇ؟

...مەن ياتقان يەر – ئاغرىقخانىنىڭ جان ساقلاش بۆلۈمى ئىكەن. بەش كۈن دېگەندە، پالاتىغا يۆتكەشتى. ئىككى كىشىلىك، كەڭ، يورۇق، ھاجەتخانا، دۇش، تېلېفون، يوغان رەڭلىك تېلېۋىزور، توڭلاتقۇ . ھەر ھالدا، جەننەتتىن كەم ئەمەس. تامىقىمۇ ياخشى. يېنىمدا ياتقان كىشى بالام قۇرامى يىگىت. ئىككىمىز تېز تىل تېپىشىپ كەتتۇق. مېنى «چال» دەپ، تولىمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭغا كېلىۋاتقان تائاملارچۇ! قېزا-قارتا، قىمىز-شۇبات، قىممەت كونئىياك، ۋاي-ۋۇي نېمە يوقكىنتاڭ؟ سەل خىجالەت بولسامۇ، قوشنام «تارتىنماي ئېلىڭ» دەپ زورلىغاچقا، ھە دەپ سوقىمەن. «خە، ئۆيدىن پولۇ، لەڭمەن، مانتىلار كەلسۇنچۇ، سېنىمۇ بىر تاڭ قالدۇرىمەن» دەپ قويىمەن ئىچىمدە. كەلدى. ئايالىمنىڭ قولىدىكى يوغان سومكىلارنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم. نېمىشقىدۇ، ئۇنىڭ چىرايى مەيۈس. بىچارە مېنىڭ غېمىمدە خېلى پەرىشان ھالغا چۈشكەن ئوخشايدۇ. ئاياپ كەتتىم. ئۇ سومكىدىكى 3 لىتىرلىق ئەينەك قاچىلاردىكى سۇيۇق ئاش، ئەتكەن چاي، تۇخۇم-پوشكال ۋە ئىككى توغاچنى تۇمبوچكا ئۈستىگە قويدى.

– تاماكىچۇ؟ – دېدىم قول سومكىسىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن قاراپ.

– ساڭا بولمايدۇ! – دېدى ئۇ سوغاققىنە.

تاماقمۇ، چايمۇ سوۋۇپ قالغان ئىكەن. قوشنام ياراتمىدى، تايلىق، مېنى رەنجىپ قالمىسۇن دەپلا، تۇخۇم پوشكىلىغا ئېغىز تەگدى. ئەتكەن چاينى ئۆزۈم يالغۇز كوركىرىتىپ، ئىككى كۈن ئىچتىم. ھەمشىرە ۋە ئېدەن يۇيغۇچىلارنى تاماققا تەكلىپ قېلىۋىدىم، پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇشۇپ، چىقىپ كېتەتتى.

ئەھۋالنى كېيىن چۈشەندىم. مەن داۋالىنىۋاتقان بۆلۈم ھەق تۆلەپ ياتىدىغان بۆلۈم ئىكەن. كۈنىگە 25 مىڭ تەڭگە. مەن بايقۇش ئۇنداق نەق ئاقچىنى ھېچقاچان قولۇمدا تۇتۇپ كۆرگەن بەندە ئەمەسمەن. ھەتتا ئىشلەۋاتقان يىللىرىمىمۇ بىز ئۇنداق بەختتىن مەھرۇم ئىدۇق . ئىدارىمىز 3 - 4 ئايدا بىر مائاش بېرىپ قويىدىغان. بىز، كەسىپداشلار، باشلىقتىن، ئۇنىڭ شوپۇرىدىن ئالغان قەرزلىرىمىزنى، ئاشخانىغا قەرزىگە يېگەن تاماق پۇلىنى ھەم ئەتراپتىكى چوڭ-كىچىك دۇكانلارغا بېرەچىگىمىزنى تارقىتىۋېتىپ، ئۆيگە پاك-پاكىزە ياناتتۇق.

بۇ يەردە ياتقانلار ئاساسەن تىجارەتچىلەر، چوڭ باشلىقلار ۋە باشقا دۆلەتنىڭ ئەتىۋارلىق، كاتتا پۇقرالىرى ئىكەن. ئۇلاردىن ھال سوراپ كېلىۋاتقان ئاياللار بىرىدىن-بىرى چىرايلىق، ئەرلەر بولسا بىرىدىن-بىرى سېمىز، سومكىلىرى بىرىدىن-بىرى يوغان.

بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئۇرۇق-تۇغقان، قولۇم – قوشنىلاردىن ئۈيلىپ، بىر تەرەپتىن نەۋرەمنىڭ يىغىسىغا چىدىماي، مېنى مۇشۇ «جەننەتتە» ياتقۇزغان ئىكەن. بانكىدىن قەرز ئېلىپ، خېلى چىقىمدار بوپتۇ. مەن بولسام «ئاق خالاتلىق ئەۋزەل جانلارنىڭ» پەرۋانىلىقىنى، ئاياللىمنىڭ سولغان چىرايىنى باشقىچە جۇرۇپ يۈرۈپتىمەن. تېلېۋىزوردىن ياخشى گەپلەرنى ئېسىل قانۇنلاردىن ئاڭلاپ ھەممىگە ئىشىنىۋېرىپ، نەق گاللۋاڭ، ساددا، خامباشقا ئايلانغان ئىكەنمەن.

تولىمۇ خىجالەت بولدۇم. ئەتە-ئۆگۈن ئۆيگە چىققاندا: «سەن بىكارتەلەپ ساراڭغا شۇنچە پۇل كەتتى» دېگەن ئاھانەتنىڭ بارى بار. ئۆلۈۋالغۇممۇ كەلدى. بىراق بەربىر ئارقامدىن: «قىپ-قىزىل قەرزىگە بوغۇۋېتىپ، ئۆلۈۋالدى بۇ مەرەز» دېگەن سۆز چىقىدۇ. چۈنكى جىنازامغا ئادەممۇ ئاز كېلىدۇ، ئاقچىمۇ چۈشمەيدۇ.

شۇ كۈنىلا باش دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىردىم. ئۆمرۈمدە دەسلەپكى قېتىم قايناپ، ھەممىنى ئوچۇق ئېيتتىم. گەپ ئارا يالغان قانۇن چىقىرىۋاتقانلارنى، «بىزدەك بەختلىك پۇقرالار يوق» دەپ جۆيلۈيدىغان دېپۇتاتلارنىمۇ راسا تىللاپ بەردىم. بۇ سۆزلەرنى ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگە نىسبەتەن ئېيتىدىغانلىقىنىمۇ كەسكىن ۋە ئۈزۈپ ئېيتتىم. بەربىر دوختۇر ئەمەسمۇ. چۈشەندى. مېنى باشقا بۆلۈمگە يۆتكىدى.

ئىلگىرىكى ئىمتىيازلار، سىلىق-سىپايە مۇئاسىۋەتلەر، باياشات تائاملار يوق. دوختۇرلارنىڭ مىجەزىمۇ جامالى كۆرۈندۇ. ھەمشىرىلەر توڭراق ، ھەتتا ئېيدەن يۇيغۇچىلار چېغىدا بىمارلارنى سىلكىشتۈرۈپ، تىللاشتىن يانمايدۇ. بۇ يەردە «داۋالىنىۋاتقانلار» ئاساسەن ماڭا ئوخشاش يالاڭتۆش، ماكانسىز، ئىشسىز، مۇساپىر ۋە ۋەھاكازا «جەمئىيەت قالدۇقلىرى» ئىكەن . ئۇلاردىن دوختۇرلارغا ئانچە نەپ تەگمەيدۇ ۋە ئۇلارغىمۇ شۇنىڭغا نىسبەتەن مۇئامىلە قىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئۇنتۇپ، مەرھۇم گىپپوكراتنى ئاياپ كەتتىم. ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى. بىچارىنىڭ نامىدىن قەسەم-ياد قىلىپ، ئۇنى شۇنچىمۇ گاللۋاڭ قىلغان بارمۇ!

خۇدايىمنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن. «بەختسىزلىكمۇ بەخت ئەكېلىدىكەن !». بۇ يەردىكى بىمارلار، تەقدىرداش ئۇچۇنمىكىن، بىر-بىرىگە مېھرىبان كېلىدىكەن. ئۇلارنى ئىزدەپ، يوقلاپ كېلىدىغانلارمۇ بىرەن-سەرەن. شۇندىمۇ چىرايلىرىدا ھېچ رەنجىش يوق. ئۇلاردا بايلىق، تونۇش، ئەتىۋار ئوخشاشلار بولمىسىمۇ، ئارىسىدا نە بىلىملىك، گەپ-سۆزى توغرا ئادەملەر كۆپ ئۇچرىشىدۇ. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، پالاتىدىكى 8 بىمارنىڭ تۆرتى ماڭا ئوخشاش ھەۋەسكار پەيلاسوپ ۋە ئورنىتولوگلار، ھەتتا ئىچىدە بىرى – پەن دوكتورى بولۇپ چىقتى. مانا بەخت دېگەن! بەشىمىزنىڭ سۆزى تۈگىمىچۇ! تاڭلار ئاپپاق ئېتىپ كېتىدۇ. مەن قايتا ئۆزۈمنىڭ «تەتقىقات ئىشلىرىمنى» قولغا ئالدىم. «كەسىپداشلىرىمنىڭ» تەجرىبىسىنى زېھىن قويۇپ ئۆگەندىم . ئۇلار ماڭا قۇشلار ھەققىدە كۆپلىگەن قىزىقارلىق مەلۇماتلارنى يەتكۈزدى. ئۆيدىن مەخسۇس تارىخي كىتابلارنىمۇ ئالدۇرۇپ، مېنىڭ كېلەچەك ئەسىرىمنى، خۇدايىم بۇيرىسا، تېخىمۇ «ئۇلۇغ» قىلىۋېتىدىغان ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. قايتىدىن ھاياتقا ئىشقىم ئويغاندى. بۇ كۈنلەردە مەن كېچە – كۈندۈز قوشنىلىرىمنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

بۇلار مەن شۇنچە ئاياپ كەتكىدەك بىچارە ئەمەس ئىكەن. ئۆز دەۋرىدە دۆلەت قۇرۇپ، دەۋران سۈرگەن، پايانسىز باغۇ-بوستانلاردا ئۆزلىرىگە مەنسۇپ بوستانلىق باي، سېخى ماكانلىرى بولغان ئىكەن . ئۇلارنىڭ بەختىيار، بىغەم، ھۆر ھاياتى كۆرەلمەس قوشنىلىرىنىڭ رەشكىنى قوزغاپتۇ. ئالىيىپ كۆز تىكىپتۇ. ئامما يىللاپ، ئەسىرلەپ جەڭ قىلسىمۇ ئۇلارنىڭ سېخى دىيارىنى تارتىپ ئالالماپتۇ. ئاخىر، دۈشمەنلەر ھىيلىگە ئۆتۈپتۇ. ئارىسىغا ئاداۋەت ئۇرۇغىنى سېپىپ، بۇ قۇشلارنى بىر-بىرىگە ئۆچمەن، دۈشمەن قىلىۋېتىپتۇ. نەتىجىدە شۇ ئەخمەق ، نادانلىقى تۈپەيلى، بۇ سېخى دىيارى ئۆزلىرى ئۈچۈن قەبىر-گۆر بوپتۇ...

ئەسلى بۇلار ئۆز ئىقلىمى ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ بىلىملىك، مەدەنىيەتلىك قۇشلار ئىدى، – دېدى يېنىمدا قاتار ياتقان تارىخچى بىمار. – ئەپسۇس شۇنداق بۈيۈك پەزىلەتلەرگە ئىگە تۇرۇقلۇق، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئاددىي سىنىقىدىن ئۆتەلمىدى. ياراتقۇچى ئۇلارغا زور بايلىق ھەدىيە قىلغاندا بىرىدىن كۆزى قىزىرىپ كەتتى. بەس – بەستە دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھىدىن مەھرۇم بولدى. دۇنيادا ئۇنداق ئىقلىملار نۇرغۇن. لېكىن، بۇ نادانلار شۇلاردىن ساۋاق ئېلىش ئورنىغا، ئۇلاردىنمۇ بەتتەر خۇنۇك جاھالەتكە پاتتى...

بۇ سۆزلە مېنى تېخىمۇ تەشۋىشكە سالدى. سەللىمازا بولغاندىن كېيىن دوختۇرلاردىن ھېچ سوراقسىزلا ئاغرىقخانىنى تەرك ئەتتىم. ئۆيگە كېلىپ، ئۆز كۆزۈمگە ئۆزۈم ئىشەنمەي قالدىم... خېلىدىن بېرى كۈتۈمسىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغان بوستانلىقنىڭ ئىگىز ئۆسۈپ كەتكەن شاخلىرىنىڭ بىرىدە قۇزغۇن ئولتۇرىدۇ. سوغ تەلەتىدىن مەمەدانلىق، هاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدا توقۇناق قارغا، قارىغوجىلار ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئابلا، مېنىڭ قوشنىلىرىم – قۇشقاچلار نەگە كەتكەندۇ؟ بۇ بوستانلىقنى مەن شۇلار ئۈچۈن بەرپا قىلىۋېدىمغۇ! پەرىشان هالدا سىنچىلاپ بوستانلىقنىڭ ئىچىگە كۆز تىكتىم. ئۇۋىلىرى ئامان ئىكەن. لېكىن ئۇلاردا تۇخۇم بېسىپ ياتقان قۇشلار، بەزى ئۇۋىلاردىكى تۈمۈر قانات بولۇپ قالغان چۈجىلەر مېنىڭ قوشنىلىرىمنىڭ پۇشتىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. بىرلىرى هۆپۈپ، بىرلىرى قارىغوجا، يەنە بىرلىرى مەن ئىلگىرى زادىلا كۆرمىگەن مەخلۇقلارنى ئەسلىتىدۇ. ئارىدا پۇرلا قىلىپ، ماڭا تونۇش قۇشقاچلار ئۇچۇپ كېلىشتى. توۋا، ئۇلار تامامەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ! ئەركەكلىرى ئاغزىدا ئەكەلگەن ئوزۇقلىرىنى ئېگىز شاخلاردا ئولتۇرغان تەييارتاپلارغا بېرىۋاتىدۇ. ئۇرغاچىلىرىزە... قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي! ئىسىت ئەقىدەم! ئاۋۇ كەلگۈندى ئالىقاناتلارنىڭ گاھ مۈرىسىگە قونۇپ، گاھ چاتلىرىنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ ناينىاقلىشىپ يۈرىدۇ. ئۆزلىرىچە قورساقلىرىدىكى، چاتلىرىدىكى پەيلىرىنى يۇلۇپ تاشلاپ، «زامانىۋى» بولىشىۋاپتۇ. كىچىككىنە بېشىدىكى پۆپچەكلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك ئەمەس. بىرىنىڭ قىزىل، بىرىنىڭ سېرىق. «ۋويي شېخنىڭ قۇرغۇرلار، ئىشتانسىز پاشىۋازلار» دەپ تىللىدىم چىدىماي. ئۇلار پىسەنت قىلار ئەمەس. ئەكسىنچە، ماڭا ئالىيىپ، ياقتۇرماي چەكچىيىپ قاراپ قويۇشىدۇ. قەيەردىندۇر بىر يەردىن غىڭشىپ ئېيتىۋاتقان ناخشا ئاڭلاندى.

باغلاردىن ئورۇن تەگمەي
تاغلارنى ماكان ئەتتۇق...

قارايمەنكى، بوستان تۈۋىدىكى قاراڭغۇ يەردە بىر قانىتىنى يېرىلغان بېشىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئىككىنچىسى بىلەن ژۇڭكۈزلانغان تېنىنى يېرىم ياتا ياپقان بىرسى ياتىدۇ. ئۆزۈم دائىم ئۇقاق تارتىپ، مۇشۇنىڭدىن بىر نەرسە چىقىدىغۇ دەپ كەلگۈسىگە ئۈمىد ئارتىپ يۈرگەن «ناغرا» لەقەملىك قۇشقىچىمنى ئاران تونۇدۇم. مېنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، بىچارە. مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ كەتتى. ئاۋايلاپ ئالىقىنىمغا ئېلىپ ئۆيگە ئەكىردىم. يارىلىرىنى تېڭىپ، دان-سۇ بەردىم. ئۆزىگە كەلسۇن، دەپ خېلى ۋاق ئارامىنى بۇزمىدىم. ئاخىرى «ناغرا» ئۆزى تىل قاتتى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن، مۇشۇ جانىۋارلارنىڭ هاياتىنى تەتقىق قىلىشقا ئەهد قىلغىنىم ۋە بۇ جەرياندا هەممىنى ئۆز ئەينى بويىچە تەسۋىرلەپ بېرىش هەققىدىكى ۋەدەمگە ئىنتائەت قىلغان هالدا، تۆۋەندە قوشنامنىڭ هېكايىسىنى، ياق دەرد - پەريادىنى ئۆز پېتىچە كەلتۈرۈۋاتىمەن.

«سەن ئاغرىقخانىغا كەتمەي تۇرۇپلا، بىزنىڭ تىنچلىقىمىز بۇزۇلغان ئىدى. سېپىمىز كۆپەيگەنسېرى، بىر-بىرىمىزگە داۋا دەستۇرىمىز، رەنجىشلىرىمىزمۇ هەسسىلەپ ئاشتى. تەخت تالاشتۇق. مەنسەپ، ئۇنۋان، بايلىق تالاشتۇق. ئارىمىزدىكى چىرايلىق سەتەڭلەر ئۈچۈنمۇ بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈردۇق . ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇشۇ ئەتراپتا ئۆسىدىغان ياۋايى كەندىرگىمۇ راسا ئۆگەندۇق. ئۇنىڭ ئۇرىغىنى يەپ، باشتا كەيىپ -ساپا سۈردۇق. كېيىن ئەقلى هوشىمىزنى يۈتتۈردۇق . ئەركەك-چىشىمىزدا نومۇس– هايا دېگەن قالمىدى. بىز توپلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا ئۇرۇش-ماجىرا قىلىۋاتقاندا «يۈگرەپچىچار» قارىغوجىلار بىلەن تىل بىرىكتۈردى. ئۇنىڭغا چىدىمىغان «چويلا» قۇزغۇنلارنى ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. باشتا قارىغوجىلار بىلەن قۇزغۇنلار بىر-بىرىگە دۈشمەن بولۇۋىدى . كېيىن ئىتتىپاق قۇرۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىمىزنى خاراب قىلدى. قىزلىرىمىز بۇ ياقتا تۇرسۇن، يىگىتلىرىمىزمۇ خوتۇنغا ئايلاندۇق.

– سەن هاڭۋاقتى نەگە قارىدىڭ؟ ئەتىدىن كەچكىرگىچە ئۆزۈڭگە ئوخشاش 4–5 گېزەندىنى كەينىڭگە سېلىۋېلىپ، داپ-دۇمبىقىڭنى چېلىپ، ئويۇن - تاماشا قىلغىچە، ئارقاڭنى ئويلىساڭچامدۇ؟ قارا، ئاۋۇ ئۇۋىدىكى ئەۋلادىڭنى! يە ئۆزۈڭگە، يە مۇنۇ كەلگۈندىلەرگە تۈرى ئوخشىمايدىغان، ئاۋازىمۇ غەلىتە بىر نېمىلەر ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتىدۇ، – دېدىم ئۇنىڭغا تېرىكىپ.

– تېخى، سەن شۈۋەكلەر، ئۆزۈڭلارچە «چوڭسايلىق»، «كىچىكسايلىق» بولۇپ بۆلۈنىۋاپسىلەر. قاچانغىچە چوڭ بولمايسەن، سەن گۇيلار. كىچىگىڭنىڭمۇ تېخىلا كىچىكلىكى قالمىدى. ۋويي، بەغەرەز، نانقېپىلار...

– تېنچ ياتقىنىمىز يوق! تالاي قېتىم باش كۆتۈردۇق. هەتتا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن چاغلىرىمىزمۇ بولدى. بىراق... بىراق يەنە شۇ ئارىمىزدىن چىققان مۇناپىقلار...

بىچارە شۇنداق دەپلا هوشىدىن كەتتى. سۇ سەپتىم. يالۋۇردۇم. يېلىندىم. تۇرمىدى. قايتىپ هوشىغا كەلمىدى... «مانا ئەندى تىنچ يات، بايقۇش!»

رەھمەتلىكنى شۇ بۈك بوستان تۈۋىگە، ئاۋۇ گېزەندىلەر كۆرۈپ قالسا جەسەتنى خارلىمىسۇن دەپ، بىر كېچىدە يەرلەپ قويدۇم. ئىزى پۈتۈپ كەتمىگەي هەم كەلگۈسى ئەۋلاد كۆرسە بېشىغا دۇئا قىلىپ ئۆتەر، دېگەن نىيەتتە تاختايچە ئورنىتىپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالاشقاچ، ئېسىمگە بىر ئوي كەلدىدە، تاختىغا بىر بەند قوشاق يېزىپ قويدۇم.

ئۆتكەنىنىڭ بۇ هاياتتا كۈلۈپ، سايراپ،
ئاخىرى بولدى ئۆمرۈڭ سېنىڭ خاراب...



# خىياللىرىمغا خىتاب*

باھارى (ئاۋستىرالىيە)

بىرلىرى دېدى : «نۇرتاي 15 يىل كېسىلىپتۇ »...

خىياللىرىم كەتتى ئۇچۇپ،
گەر بولسا ئىدى تىزگىنى
مەھكەم قامالىلاپ
دەر ئىدىم ئۇنىڭغا:
«ئېلىشۋال مېنى بىللە بارايلى
ئىگەڭسىز ساڭا نېمە بار
ئالدىراپ؟!
بىللە بارايلى!
چۈنكى ئۇ مىنىڭ -
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
ئەجدادلىرىم كۆمۈلگەن،
مېنى بەزلەپ كۆندۈرگەن،
ئىشقى مېنى كۆيدۈرگەن-
ئانا يۇرتۇمغۇ كۆز تەگكەن!؟!
بارساڭمۇ يۈرەلمەيسەن
يايراپ! »

ئۇچقۇر خىيال كەتتى ئالدىراپ
كەتتى يىراق.
كەمىنە قالدىم يەنىلا
ئۆرتەپ پىراق...
بوپتۇ، كەتسەڭمۇ كەتكىن
بىراق -

سالىمىمنى ئالغاچ كەتكىن
ئىلى دىيار جەننىتىمنىڭ -
نۇرتايدەك تايلىرىغا،
ئايخاندەك خانلىرىغا،
ئەگەر يەنە تاپالىساڭ
كۆلكە - چاقچاق، چايلىرىغا.



كەتسەڭمۇ كەتكىن
يول ئوچۇق ساڭا،
كېلەر بىر كۈنى بىللە بارارغا
پۇرسەتمۇ ماڭا.

2020 -يىلى، مېلبورىن، ئاۋستىرالىيە

* نۇرتاي ھاجىم سالدۇرغان «يېتىملار مەكتىپى»نىڭ رەسىمىنى كۆرۈپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مېڭەم بىلەن يۈرىكىم بىر- بىرىدىن ئايرىلدى

جان رودېل (ئامېرىكا)

ئون يىلچە بولدى بەلكىم
مېڭەم بىلەن يۈرىكىم بىر- بىرىدىن ئايرىلدى

ئايرىلىشىنىڭ سەۋەبى شۈكى
ئىككىلىسى
مېنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىمغا
بىر- بىرىنى گۇناھكار تۇتاتتى
نەتىجىدە
ئۇلار بىر ئۆيدە تۇرالماس بولدى

بۇ ھال مېنى
مېڭەم بىلەن يۈرىكىمنىڭ ھامىيلىقىدا قويدى

ھەپتە ئىچىدە مېڭەم بىلەن مەن
ھەپتە ئاخىرى يۈرىكىمنىڭ ئىلكىدە

ئۇلار گەپ قىلمايدۇ بىر- بىرىگە
ئەمما بىر- بىرىگە ئۇچۇر يوللايدۇ  مەندىن ھەر ھەپتە

ئۇچۇرلىرى ھەر زامان ئەينى
دەيدۇلەركى «سېنىڭ خاتالىقىڭ بۇ!»

يەكشەنبىلەردە، يۈرىكىم ئەيىبلەيدۇ
مېڭەمنىڭ مېنى قانداق ئۈمىدسىزلەندۈرگەنلىكىنى

چارشەنبەلەردە بولسا، مېڭەم  تىزىپ چىقىدۇ
يۈرىكىمنىڭ مېنى يەنە نېمە كويلارغا سېلىشى
مۇمكىنچىلىكلىرىنى

ھازىرقى ھالىم سەۋەبلىك ئۇلار
ئەيىبلىشىدۇ بىر- بىرىنى

يېقىندىن بېرى بەكمۇ كۆپ ۋار-جۇر، يىغا-زارە،
شۇڭا ۋاقتىمنى
ئاشقازىنىم بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن
ئۇ مېنىڭ غەيرى رەسمى دوختۇرۇم  شۇ دەم

كېچىلەردە
كۆكرەك قەپىسىمنىڭ دېرىزىسىدىن ئوغرىلىقچە چىقىپ
ئومۇرتقامدىن سىيرىلىپ
ئاشقازىنىمنىڭ يۇمشاق خورۇم دىۋانىغا تاشلايمەن ئۆزۈمنى
ئۇ ماڭا ھەر زامان ئوچۇق

ئاندىن ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ كېتىمەن
ئولتۇرۇپ كېتىمەن
تاڭ ئاتقۇچە

ئاخشام ئاشقازىنىم مەندىن سورىدى
«يۈرىكىڭ بىلەن مېڭەڭنىڭ ئارىسىدا قېلىۋاتامسەن؟»
باش لىڭشىتتىم

غەشلىك بىلەن دېدىمكى: «ئىككىلىسى بىلەن
ياشىيالايدىغاندەك ئەمەسمەن»

يۈرىكىم دائىم تۈنۈگۈنكى ئىشلاردىن مەيۈسلەنسە،
مېڭەم ئەتىكى مۇمكىنچىلىكلەردىن ئەندىشىدە

ئاشقازىنىم قولۇمنى سىقتى

«ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىم ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى
غەملىرىم بىلەن ياشىماق ئۇ قەدەر قىيىنكى»

ئاشقازىنىم ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى ۋە دېدى:
«ئۇنداقتا سەن بىر مەزگىل ئۆپكەڭ بىلەن ياشا»

ھەيرانلىقتا باقتىم ئاڭا

«ئەگەر، يۈرىكىڭنىڭ ئۆتمۈشكە قادىلىپ قېلىشى
مېڭەڭنىڭ نامەلۇم كەلگۈسىگە دىققىتى
چارچاتقان بولسا سېنى
ئۆپكەڭ ئەڭ ماس بىر جايدۇر ساڭا

ئۆپكەڭدە
نە تۈنۈگۈن، نە ئەتە
پەقەتلا بۈگۈن
پەقەتلا نەپەس ئېلىش
نەپەس بېرىش
پەقەتلا بۇ  دەم

ئادديىغىنە نەپەس
ئۇ نەپەستە سەن
يۈرىكىڭ بىلەن مېڭەڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلغۇچە دەم
ئېلىۋالىسەن

بۇ سەھەر
مېڭەم چاي شاملىرىنى ئوقۇش بىلەن ئاۋارە،
يۈرىكىم كونا رەسىملەرگە بېقىش بىلەن مەشغۇل تۇراركەن

مەن كىچىك سومكامنى توشقۇزۇپ
ئۆپكەم بوسۇغىسىغا قەدەم ئالدىم

مەن چېكە-چەكمەي ئۇ ئىشىكنى ئاچتى
كۈلۈمسىرىدى
بىر نەپەس بىلەن قۇچاقلىدى مېنى
ۋە سورىدى
«نېمە بۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئالدى».

ئىنگلىزچىدىن دىلدۇز تېلمان تەرجىمىسى (ئامېرىكا)
2022 - 15 - يانۋار،  كالىفورنىيە، CA



# فاچو*

يۈەن جىڭ (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى)

چاڭ تورۇتۇپ ئۇيغۇر چەۋەندازلار كەلگەندىن بۇيان،
قاپلىدى ئۇيغۇر پۇرىقى شەھىرى لوياڭنى شۇئان.
بولدى ئۇيغۇرچە ياسانماق قىز - ئاياللار مەشغۇلى،
زور ماھارەت بولدى چالماق سازنى ئۇيغۇرلارسىمان.

«سۇمۇرۇغ ئاتەش»نىڭ ساداسى مۇڭ بىلەن تولسا ئەگەر،
«نەۋ باھار بۇلبۇل كۈيى» ياڭرايتتى بىر سالقىن ھامان.
ئاتقا ئۇيغۇرچە مىنىش، زىبۇ - زىننەت، تىل ئۆگىنىش،
بولدى بەس - بەسلىك ھەۋەس بۇ ئەللىك يىلدىن بۇيان.

...

# ئەمەس

ئەرىن خەنسىن (ئاۋستىرالىيە)

ئەمەسسەن يېشىڭ،
ئەمەسسەن نومۇرىدا كىيگەن كىيىمىڭنىڭ،
ئەمەسسەن ئېغىرلىقى بەدىنىڭنىڭ،
ياكى رەڭگىدە چېچىڭنىڭ،
ئەمەسسەن ئىسمىڭ،
ياكى مەڭزىڭدىكى زىنىخىڭ.
سەن – ئوقۇغان كىتابلىرىڭسەن،
سۆزلىگەن سۆزلىرىڭدىسەن،
سەھەردىكى غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازىڭدىسەن،
يوشۇرۇشقا ئۇرۇنغان كۈلۈمسىرىشىڭسەن،
كۈلكەڭدىكى شېرىنلىكسەن،
تۆككەن ھەربىر تامچە يېشىڭسەن،
ئۆزۈڭنىڭ ياپيالغۇزلۇقىنى سەزگەن چېغىڭدا
ئۈنۈڭنىڭ بارىدا ئېيتقان ناخشاڭسەن،
بېرىپ باققان ماكانلىرىڭسەن،
«ئۆيۈم» دەپ ئاتىغان ئاشۇ جايىڭسەن،
ئەقىدەڭ باغلانغان نەرسىلەردىسەن،
ئۆزۈڭ سۆيگەن ئىنسانلاردىسەن،
سۈرەتلەرسەن ھۇجراڭدىكى،
كېلەچەكسەن كۆرگەن چۈشلىرىڭدىكى،
شۇنچە كۆپ گۈزەللىكتىن يارالغانسەن،
لېكىن قالغاندەكسەن بۇلار ئۇنتۇپ،
ئۆزۈڭنىڭ تەبىرىگە ھۆكۈم قىلغاندا
ئۆزۈڭ ئەمەس نەرسىلەر بولۇپ.

ئىنگلىزچىدىن مۇيەسسەر خەندان تەرجىمىسى(تۈركىيە)

* – تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شائىر يۈەن جىڭنىڭ «فاچۇ» ناملىق شېئىرىدىن.
– «جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2014 - يىللىق 6 - سانىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



# بەختلىك كىتاب

ئېكاتېرىنا خاداسېۋىچ – لىسوۋايا (بېلارۇسىيە)
(چۆچەك)

ۋېرونىكا بىر تۇغقان ھەدىسى كارىنانىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەلدى. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئىككى يىلدا بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشى ئىدى.

– چاپسانراق ماڭغىنا!–دېدى كارىنا تاقىتى تۈگەپ.
–مەن ساڭا جىققىدە يېڭى ئويۇنچۇقلىرىمنى كۆرسىتىمەن!

قىزلار بۆلمىگە كىردى. ھەقىقەتەنمۇ ئويۇنچۇقلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. تەكچىدە قورچاقلار ئولتۇرىدۇ. تىرەنچە ئورۇندۇقتا يۇمشاق ئېيىقلار. دېرىزە تەكچىسىدىكى يورۇق ئاكۋارىئۇمدا بېلىقچانلار ئەركىن ئۈزۈپ يۈرىدۇ. بۆلمىنىڭ بۇلۇڭىدا بولسا، قورچاقلارغا ئاتىرىلغان مەخسۇس يوغان ئۆي تۇراتتى...

–بۇلار مېنىڭ بايلىقىم!–دېدى كارىنا كۈلۈمسىرەپ، –قايسى قورچاقنى ئوينايمىز؟

–ۋاي–يەي، قايسى بىرىنى تاللاي. كۆزۈمنىڭ يېغىنى يەپ كەتتى!–دېدى ۋېرونىكا.

تەكچىلەرگە قارىغاچ، ئاپپاق قىز مۇرىسىدىكى ريوكزاكىنى ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئامما ئۇ ئورنىدا تۇرماي، ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئاغزى ئوچۇق ريوكزاكتىن بىر كىتاب «مانا مەن» دەپلا ئېدەنگە ياتتى.

–مېنىڭمۇ مۇشۇنداق كىتابىم بار!–دېدى كارىنا، ئۇنىڭ سىرتىغا، مۇقاۋىسىغا قارىغاچ.

–توغرا دەيسەن، مەن ئۇ كىتابنى سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭدە سوغا قىلغانمەن،–دېدى ۋېرونىكا دوستىنى قوللىغاچ.

–ئامما مېنىڭ كىتابىم باشقىچە كۆرۈنىدۇ!–دېدى بۇرۇننى تارتقاچ كارىنا.

ئۇ كىتاب ئىشكاپنىڭ يېنىدا تۇرغان ئورۇندۇقنى يېقىن تارتىپ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشىغان كىتابنى تەكچىنىڭ يۇقىرىقى قاتارىدىن ئالدى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر نەچچە كىتاب «بىزنى قاچان ئالار ئېكىن» دېگەندەك، بىچارىلەردەك ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى.

قىزلار ئىككى كىتابنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قاتارىسىغا قويدى.

–كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ كىتابىم چىرايلىق! يېڭى، تازا، پارقىراپ تۇرىدۇ!–دەپ كارىنا ماختىنىپ سۆزلىدى. – سېنىڭ بولسا، سۈرۈلۈپ، يىرتىلىپ، قىيسىيىپ، بەتلىرى ساغىرىپ كېتىپتۇ!

ۋېرونىكا جاۋاب بېرىپ ئۈلگۈرەلمىدى. چۈنكى، ئاپىسى، ئۇلارنى غىزالىنىشقا چاقىردى. شۈڭلاشقا، گەپ توختىغاچ، ئۇلار يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بۆلمىدىن چىقىپ كەتتى...

–بەختسىز مېنىڭ قېرىندىشىم!–دەپ تىلغا كىردى يېڭى كىتاب. –چىرايىڭ نېمە بولۇپ كەتكەن؟ سېنىڭ ھالىڭنى كۆرۈپ، ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئىككىمىزنى بىر كۈندە باسمىخانىدا باسقان ئىدىغۇ. ئىككىمىزنى تەڭ سېتىۋېلىپ، كىتاب تەكچىسىگە بىر كۈندە قويغان ئەمەسمىدى؟ لېكىن بىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمىز ئوخشىماي قاپتۇ. مەن شۇ يېڭى پېتىمچە ساقلىنىپ قاپتىمەن. مەن–بەختلىك كىتاب! مېنىڭ ئىگەم مېنى كەلسەكەلمەس تاشلىغىنى يوق، ۋاراقلىرىمنى قاتلىمىدى، بەتلىرىمنى پاسكىنا قىلمىدى. مەن ھەر قاچان ئېگىزلىكتە تۇرۇپ، بۆلمىنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى كۆرىمەن، كەچكىچە قورچاق ئوينايدىغان ئىگەمنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نازارەت قىلىمەن. سەن، بىچارە بولساڭ، بېشىڭدىن تالاي ئىسسىق–سوغۇقلارنى ئۆتكۈزۈپسەن. ئويلىسام، تەلەتىڭگە قارىسام، مېنىڭ تەنلىرىم قورقۇشتىن شۈركىنىپ كېتىۋاتىدۇ!

–ئۇ نېمە دېگىنىڭىز، قىممەتلىك ھەدىجان!–دەپ تۇتۇلغان كىتاب تىل قاتتى. –مەنمۇ بەختلىكمەن !

–سەن؟ بەختلىك؟ –دەپ يالتىرىغان كىتاب ھەيران بولۇپ قاردى.

–ھە، ناھايىتى بەختلىكمەن! مەن–ئىگەمنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابى، –ئۇ مېنى ئون نەچچە قېتىم قايتا–قايتا ئوقۇپ چىقتى، ھەتتا سانىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئويۇمچە، ۋېرونىكا مېنىڭ بەتلىرىمدىكى سۆزلەرنى يادقا بىلىدۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئۇ مېنى قايتا قايتا ئوقۇيدۇ. ئىككىمىز بىللە بولغان ئاخىرقى ئىككى يىلدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بېلارۇسىيەنىڭ بارلىق يەرلىرىنى ئارىلاپ چىقتىم. ھەتتا ئۇزاقلارغىمۇ ئۇچۇپ باردىم.

–سەن تېخى ئۇچتىڭما؟ يا، ئاللاھ!؟–دەپ ھەدىسى ئەندىشە ئىچرە سۆزلىدى.

–ياق!–دەپ كۈلدى ئۇ. –ۋېرونىكا مېنى يەر ئۇتتۇرا دېڭىزىغا دەم ئېلىشقا ئېلىپ باردى.

–ئۇ يەر قەيەردە؟–سورىدى چىرايلىق كىتاب.

يېنىدا تۇرغان گىلوبۇس غىچىلداپ پىرقىرىدىدە، سۆزگە كەلدى.

–مۇنۇ بىزنىڭ بېلارۇس، يەر ئوتتۇرا دېڭىزى – مانا!–دەپ گىلوبۇس چۈشىنىشلىك بولۇش ئۈچۈن چىرايلىق كىتابقا پىرقىراپ تۇرۇپ بېقىنىدىن بىر ئورۇننى كۆرسەتتى.

–مۇشۇ يەردە بولدۇڭما؟–دەپ هەيران بولغان چىرايلىق كىتاب ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭمۇ دېڭىزغا ئۇچۇپ بارغۇسى كەلگەن ئىدى .

–بىز ئايروپىلانغا ئولتۇردۇق. ئۇ بىزنى ئېگىزدىن ئېگىز بۇلۇتلار ئارىسىغا ئېلىپ كىردى!–دەپ سۆزلەشكە باشلىدى كونا كىتاب. –دەسلەپ ۋېرونىكىدا قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئامما مېنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىۋىدى، هەممىنى ئۇنتۇپ قالدى. بىز ئىككىمىز بىللە بولغاچقا، مەنزىلگە يېتىپ كەلگىنىمىزنى تۇيمايلا قالدۇق.

–دېڭىز دېگەن قانداق نەرسە؟ –بىزگە ئېيتىپ بەرگىنە؟–دەپ تەكچىدىكى قورچاقلار تىلغا كىردى.

–يوغىنىدىن–يوغان، كۆپكۆك، هەم ناهايىتى تۈزلۈق، –دەپ جاۋاب بەردى كونا كىتاب .

–سۈنىڭ تۈزلۈقلىقىنى نەدىن بىلىسەن؟ –يە، سەن ئۇنىڭدا چۆمۈلگەنمۇ؟–دەپ دۇخاۋىدىن تىكىلگەن ئېيىقلار سورىدى.

–ياق!–دەپ كۈلدى كىتاب. –ۋېرونىكا مېنى چۆمۈلۈشكە ئېلىپ بېرىپ، سۇدىن چىققاندىن كېيىن هۆل بارماقلىرى بىلەن بەتلىرىمنى ۋاراقلايدۇ. بىز يوغان زونتىكنىڭ ئاستىدا يېتىپ، كۈننىڭ ئىسسىقىغا قاقلىنىمىز. دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ پىچىرلاشلىرىنى تىڭشايمىز. ئارىلىقتا مەن ئۆز بەتلىرىمدىكى قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئۇنىڭغا ئوقۇتىمەن.

–ئاجايىپ قىزىق ئىكەن!–دەپ دېرىزىدىكى ئاكۋارىئۇمدا ياشاۋاتقان بېلىجانلارمۇ سۆزگە ئارىلاشتى. –بىز هېچ قاچان دېڭىزدا بولمىغان. سىنىڭ يولۇڭ بولۇپ، بېرىپ كەپسەن.

–سەن يەنە قەيەرلەردە بولدۇڭ؟–دەپ سورىدى چىرايلىق كىتاب.

–مەن ۋېرونىكىنىڭ هەممە دوستلىرىنىڭ ئۆيىدە مېهماندا بولدۇم،–دەپ داۋام قىلدى سۆزىنى كىتاب. – باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس؟ چۈنكى مېنىڭ ئىگەم مەن توغرىلىق شۇنداق چىرايلىق سۆزلەيتىكى، دوستلىرى مېنى ئوقۇپ چىقىشقا ئالدىراتتى. مېنى ئۇلارغا بەرگەندە ئاۋايلاپ، قەدىرلەپ تۇتۇشنى تەلەپ قىلاتتى. مەن هەر قاچان ئۆيگە خۇشاللىقتا كىرىپ كېلىمەن. چۈنكى مېنى ۋېرونىكا ئىللىق چىراي كۈتۈۋالىدۇ. بىر كۈنى مۇئەللىم ۋېرونىكىدىن: «ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابىڭ قايسى» دەپ سوراپتىكەن، ئۇ مېنى ئاتاپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن مەكتەپكىمۇ باردىم. مەن هەر قاچان ئۇنىڭ بىلەن بىللە. تەكچىدە تۇرىدىغان، دەم ئالىدىغان ۋاقىت مېنىڭدە يوق. شۇڭلاشقا، مەن، ريوكزاكتىن چۈشمەيمەن. مانا بۈگۈن سېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆرۈشكىنىمگە بەك خۇرسەنمەن،–دوستۇم.

ئەتراپ جىم -جىتلىققا بۆلەندى. ئويۇنچۇقلار بىلەن چىرايلىق كىتاب ئويلىنىپ قالدى. ئۇلار يەنە بىر نەرسىلەرنى سورىماقچى بولۇۋىدى، قىزلار كىرىپ قالدى. كارىنا تەكچىدىكى قورچاقنى قولىغا ئالدى. ۋېرونىكا بولسا ئۆزىنىڭ كىتابىنى ئېلىپ، دوستىدىن:

–بۇ كىتابىتىكى قايسى ۋەقە ساڭا ياقتى؟–دەپ سورىدى.

كارىنا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، مىيىقىدا ھىجايدى.

–مېنىڭ ئۇ كىتابنى ئوقۇشقا ۋاقتىم بولمىدى...،–دېدى.

–هەيران بولىدىغان هېچ نېمە يوق!–دېدى ۋېرونىكا. –كىتابنى تەكچىنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا تىزىپ قويۇپ، ئۇنتۇپ قاپسەن. سەن بۇ كىتابنىڭ نەقەدەر قىزىقلىقىنى بىلەمسەن؟! بۇ كىتاب ۋالادا ئىسىملىك قىز هەققىدە، ئۇنىڭ يىراق ۋۇخۇتى ناملىق سەييارىدىن كەلگەن دوستى ۋۇخۇتى توغرىلىق.

–بۈگۈن كەچتە ئوقۇپ چىقىشقا سۆز بېرىمەن! –ماڭا ئىشىنىڭ! –دېدى كارىنا.

ۋېرونىكىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كىتابى ئۆزىنىڭ چىرايلىق دوستىنىڭ سۆزلىرىگە خۇشال بولۇپ كەتتى. چىرايلىق كىتاب بولسا ئۇنىڭغا جاۋابەن پارقىرىغان تېشىنى كۆرسەتكەچ:

–هەر بىر كىتاب بەختلىك بولۇشنى خالايدۇ! كىتابخانلار مۇشۇ قائىدىنى بىلىشى شەرت،–دېگەندەك پىچىرلىدى.

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئاۋۇت مەسىموۋ (قازاقىستان)

2021 - يىلى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# شۇبۇرشۇن- پاراشوتچى*

ئالېس كارلىيوكېۋىچ (بېلورۇسىيە)

سۇنسلوچ نۆۋەتتىكى ئايلانمىدا بۇرۇلۇپ، ئەمدى قارشى تەرەپكە ئېقىشقا باشلىدى. شۇبۇرشۇن كۆل نۇرىغا چۆكۈپ قالدى. باشتا ئۇ دۈمبىسىگە چۈشسە، ئەمدى كۆزلىرىنى چېقىپ، ئالدى تەرەپتىن چۈشۈۋاتاتتى. بالىقاي ئۆزىچە، شۇبۇرشۇنلارچە، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، راھەتلىنىپ ئاياقلىرىنى تاشلاپ، كېرىلىپ ياتتى. كۆزلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئېچىپ-يۇمۇپ، سۇدا بىر- بىرىنى قوغلىشىپ يۈرگەن كۆل نۇرلىرىنىڭ ئويۇنىغا قىزىقىپ قاراپ كېتىۋاتىدۇ. شۇبۇرشۇن بىردەم قولىۋاققا يېقىنلاپ، بىردەم ئۇزاقلاپ، گاھىدا بىر ئورۇندا جىم تۇرۇۋالىدىغان قاپ-قارا چېكىتتەك بىرسىنى بايقاپ قالدى. دىققەت قىلىپ قارىۋىدى، ئۆمۈچۈك ئىكەن. ساياھەتچى ئۆزى بايقىغان بۇ دەسلەپكى يېڭىلىقىغا خۇشال بولۇپ كەتتى.

– ھەي، ئۆمۈچۈك سەن ھاۋادا يىقىلىپ چۈشمەي قانداق تۇرالايسەن؟ –دەپ ۋارقىرىدى. ئۆمۈچۈك ئۈنى ئاڭلىمىدى.

ئارىلىق خېلى يار ئىدى. بىر چاغدا «قارا چېكىت» ئۇنىڭغا قاراپ يېقىنلاشقا باشلىدى. بالىقاي شۇ چاغدىلا ئۆمۈچۈكنىڭ ھاۋادىكى كۆزگە ئاران كۆرۈنىدىغان يىپ ئارقىلىق مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

–ھە، ئەندى مېنى ئاڭلاۋاتامسەن، ئۆمۈچۈك ئاغىنە؟ –بۇ قېتىم شۇبۇرشۇننىڭ ئاۋازى قاتتىقراق چىقتى.

–ئۆزۈڭ كىمسەن؟ شۇنچە يوغان سۇدا قانداق قورقماي ئۈزۈپ يۈرىسەن؟ – دەپ جاۋاب بەردى ئۆمۈچۈك ۋە، –تولا قاتتىق ۋارقىرىما، مەن پاڭ ئەمەس.

–مېنىڭ ئىسمىم–شۇبۇرشۇن. سۇدىن زادىلا قورقمايمەن. مېنىڭ ماكانىم مۇشۇ ئەتراپتا. لېكىن قەيەردىلىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن، – ئۇنىڭ ئاۋازى مەيۈس، يىغلامسىراپ چىقتى.

بالىقاي باشقا گەپ قىلمىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئۆكتەي-توڭتەي بولۇپ كەتكىنىگە رەنجىگەندەك، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ھەتتا يىغلىغۇسىمۇ كەلدى. ھە دېسىلا، كۆزلىرىدىن تارامىلاپ ياش ئېقىشقا تەييار تۇراتتى. بىراق بۇ ناتونۇش

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۇنىڭ دەردى بىلەن نېمە كارى؟ ئۇ خۇددى ھېچنەرسە بولمىغاندەك كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى.

–ھە، ئۆز ئۆيۈڭنىڭ قەيەردىلىكىنى

* بېشى ئۆتكەنكى ساندا.

بىلمەسلىكىڭ قىزىق ئىكەن، ــ دەپ بېشىنى تاتىلاپ قويۇپ مۇلاھىزە قىلىشقا باشلىدى دارۋاز ئۆمۈچۈك. ــ بەلكىم، سەن ئۆيۈڭنىڭ يولۇنى ئۇنۇتۇپ قالدىڭمۇ؟ ئۇنداقمۇ ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. يە سەن كىچىك بولغاچقا يولنى تاپالمايۋاتامسەن؟ خېلىدىن بېرى يۇقىرىدا تۇرۇپ، سېنى كۆزۈتۈپ كېلىۋاتىمەن.

قولۋاقنى ناھايىتى ياخشى باشقۇرىدىكەنسەن. پالاقلارنى ياخشى تاللاپسەن. يېنىك، ئەپچىل. ماڭا ئۇچراپ قالغىنىڭغا شۈكرى دېگىن. مەن ساڭا ئۆيۈڭنى تېپىۋېلىشىڭغا ياردەملىشەي.

ئۆمۈچۈكنىڭ ئۇنى ياراتمىغاندەك ئېيتقان سۆزلىرىگە رەنجىشنىڭ ئورنى يوق ئىدى. سەل قوپال بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلمىگەن نەرسىسىنى سوراشتىنمۇ ئۇيالمايتتى. كۆل نۇرىدا ئالا-قىزىل بولۇپ كۆرۈنىدىغان ئۆمۈچۈكنىڭ يىپى پەسكە تۆۋەنلەشكە باشلىدى. مانا قولۋاقنى گىرۋىكىگىمۇ يەتتى. بىراق شامال يىپنى چايقاپ تىنىماي يۇقىرى-تۆۋەن لىڭشىتماقتا.

ــ مېنى ھەممىسى پاراشۇتچى دەپ ئاتايدۇ، ــ دېدى ئۆزىنىڭ ئارغامچىسىنى قولۋاقنىڭ ئەپلىك پۇتىقىغا باغلاپ ئۈلگۈرگەن ئۆمۈچۈك. ــ ئەگەر شامال مېنىڭ يىپمنى ئۈزۈۋەتكىدەك بولسا، مەن يەرگە، دەرەخ ياكى شاخلارغا سەكرەپ قونۇۋالىمەن. ئەڭ مۇھىمى ھېچ قورقماسلىق كېرەك!

ــ سەن ئۆلۈشتىن ياكى مېيىپ بولۇشتىن قورقمامسەن؟ ــ ھەيران قالدى شۇبۇرشۇن.

ــ مەن يېنىكقۇ! سەكرىگەندە مېنى شامال كۆتۈرۈۋالىدۇ. ئۇنىڭ دولقۇنلىرى مېنى نۆۋەت بىلەن بىر-بىرىگە ئۇزىتىدۇ. شۇڭا مەن يەرگە ئاستا ۋە ئوڭاي قونۇۋالىمەن. خالىساڭ، ساڭىمۇ ئۆگىتىپ قويىمەن.

ئۆمۈچۈك يىپىنى تارتىپ كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتمەيدىغانلىقىغا كۆز يەتتى. ئاندىن شۇبۇرشۇنغا:

ــ مانا، كۆرۈۋاتامسەن، بۇ سېنىڭ ھاۋادا ماڭىدىغان يولۇڭ. يۇقىرىدا ئۇ مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم تارتىپ قويغان باشقا يىپلارغا ئۇلىشىدۇ. سەن قورقماستىن مۇشۇ يىپقا ئېسىلىپ ماڭساڭلا بولىدى.

ــ مەنمۇ ھەقىقىي پاراشۇتچى بولالايمەنمۇ؟ ــ شۇبۇرشۇن ئۆز خۇشاللىقىنى يوشۇرمىدى. باشتا ئۆمۈچۈكنىڭ سۆزىگە رەنجىپ، كېتىپ قالمىغىنى ياخشى بولغان ئىكەن.

ــ بۇ يىپنىڭ پايدىسى نۇرغۇن. سەن ئېگىز يەردە تۇرۇپ، ئەتراپنى ئوچۇق كۆرەلەيسەن. ئەگەر ياخشىلاپ قارىساڭ، ئۆز ئۆيۈڭنى تېپىۋېلىشىڭ مۇمكىن . مۇبادا شامال يىپنى ئۈزۈۋەتكىدەك بولسا، ھېچ قورقماستىن يەرگە سەكرە. ئېسىڭدە بولسۇن، كۈچتىن باشقا پەممۇ كېرەك. شامالمۇ بەزىدە مېھرىبان بولىدۇ. ئۇ سۆزسىز ساڭا ياردەم قىلىدۇ.

ــ يىپنى ماڭا بېرىۋېتىپ، ئۆزۈڭ قانداق قىلىسەن، دوستۇم؟ ــ شۇبۇرشۇن ئۆمۈچۈككە رازى بولسىمۇ، ئۆزىنى سەل ئوڭايسىز ھېس قىلدى.

ــ غەم قىلما... بىرىنچىدىن، بىز دوست، راستىمۇ... شۇڭلاشقا مەن ساڭا ياردەم قىلىشىم كېرەك. ئىككىنچىدىن، دەريادا بىرئاز ساياھەت قىلىپ، قولۋاقنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالىمەن. كېيىن سەن يەنە قولۋاقتا ساياھەت قىلغۇڭ كەلسە، ئۇنى ساڭا بىرسى يەتكۈزۈپ بېرىشى كېرەكقۇ! كېلىشتۇقمۇ؟

ــ كېلىشتۇق، قىممەتلىك پاراشۇتچى! ــ شۇبۇرشۇن ئەندى ئۆزىنى شامالدا ساياھەت قىلىشتىن قورقمايدىغاندەك كۆرسىتىشكە تىرىشتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى شامال ئۇچۇرۇپ، دەرياغا چۈشۈپكەتكىنىنى ئەسلىدى. راست، بىراق ئۇ شامالنىڭ مېھرىبان ياكى رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى ئەخمەتجان ئىسراپىلوۋ (قازاقىستان)

*ئاۋامنىڭ نالايىق ئىشلىرىنى بەگلەر تۈزەيدۇ.*
*بەگلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنى قانداق بولسا،*
*خەلقمۇ بۇ يوسۇننى كۆرۈپ شۇنداق قىلىدۇ.*

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى

# چۆچەكلەر ـ تەربىيە مەنبەسى

خۇرشىدەم ھېزىمووۋا* (قازاقىستان)

چۆچەك دېگەندە: «بۇرۇن زامان بۇرۇندا»، «بار ئىكەن، يوق ئىكەن »، ــ دەپ باشلىنىدىغان چۆچەكلەر ئەقلىمىزگە كېلىدۇ. كىچىك ۋاقتلىرىمىزدا موملىرىمىز، ئانىلىرىمىز ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلەرنى قىزىقىپ تىڭشاپ، ئاجايىپ ئوي-خىياللارغا چۆمۈپ كېتەتتۇق. بولۇپمۇ، «ئۇر توقمىقىم ئۇر»، «ئۇچار گىلەم»، «ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك»، «سېھىرلىك ئالما» قاتارلىق چۆچەكلەر بىزنى ھەرخىل خىياللارغا باشلاپ، شۇنداق سېھىرلىك قوراللىرىمىزنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق.

چۆچەكلەر ــ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ بىر ژانىرى بولۇپ، بالا تەربىيەسىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارالغان ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خەلقىمىزنىڭ ھايات تەجرىبىسى، مەدەنىيىتى بىلەن ئۆرۈپ -ئادەتلىرى، ئادەملەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، مىجەز -خۇلقلىرى تەسۋىرلەنگەن.

چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان، سېھىرلىك ئالەمگە ساياھەتكە ئاپىرىدىغان، چۆچەكلەرنى تىڭشاپ ئۆسكەن، ھەربىر گۆدەك كېلەچەكتە چۆچەكلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ ئەقىل ۋە تاپقۇرلىقىنى، باتۇر، قورقۇمسىز، ئىشلەمچان ۋە ئادىمىي خۇسۇسىيەتلەرنى ۋۇجۇدىغا سىڭدۈرۈپ ئۆسىدۇ. چۆچەك تىڭشاپ ئۆسكەن بالىدا ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن تەپەككۇر قىلىش دائىرىسى كېڭىيىدۇ. ئاڭلاش ئارقىلىق زېھنى تۇراقلىشىپ، قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە يېڭى ئوي تۇغۇلۇپ، سوئاللار پەيدا بولىدۇ، شۇنداقلا ئەستە ساقلاش قابىلىيىتى تەرەققىي ئېتىدۇ.

ئەپسۇسكى، بۈگۈنكى يېڭى تېخنولوگىيەلەر تەرەققىي ئەتكەن زاماندا ئاتا-ئانىلار بالىسىغا كۆك ئېكراننى ياكى ئېلېكترونلۇق كىتابلارنى قوشۇپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. بۇ بالا پسىخولوگىيەسىگە تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى بالا بىلەن ئاتا-ئانا ئارىسىدا مۇناسىۋەت بولمايدۇ. بالا ئويىدىكى سوئاللارغا ياكى كۆرگەن قەھرىمانلارنىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرىنى چۈشەنمەي قېلىشى مۇمكىن . باللار يېشىغا لايىق چۆچەكلەرنى تىڭشاپ، ئاندىن ئۇنىڭدىكى قەھرىمانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. چۆچەكلەردىكى سەلبىي قەھرىمانلارنىڭ ئەسكى ئادەتلىرىنى، قىلىقلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇلار ئوخشاش بولماي، ئىجابىي قەھرىمانلاردىن ئۆلگە ئېلىشىنى دەۋەت قىلغان توغرا. چۆچەكلەردىكى ياخشى خۇسۇسىيەتلەرگە كەڭ تۈردە توختىلىپ، قىز ۋە ئوغۇلنىڭ خاسىيەتلىرى بىلەن باغلاشتۇرۇش، تەربىيەۋى ئەھمىيەتلىك. ئاتا-ئانا ئوقۇغان ھەربىر چۆچەكتىن كېيىن، بالىغا سوئاللار سوراش ئارقىلىق، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرغىنى دۇرۇس.

چۆچەكلەر دۇنياسىغا ساياھەت قىلىش ئارقىلىق بالىنىڭ خىيالى تەرەققىي ئېتىدۇ. شۇنداقلا بىرلىكتە ئويىدىن چۆچەكلەرنى قۇراشتۇرۇپ، ئويۇنلارنى ئوينىغان لازىم.

بالا پسىخولوگىيەسىدە چۆچەكلەردىكى ھايۋاناتلار قورقۇنچلۇق بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا بالىنىڭ مېڭىسىدە ھايۋاناتلار پادىشاھى «شىر» كۈچلۈك، «توشقان» قورقۇنچاق بولۇپ ساقلىنىپ قالماستىن، ئەكسىنچە، «توشقان» ــ ئەقىللىك، يۈگۈرۈك، مېھرىبان، «شىر» ــ باتۇر، قورقۇمسىز دەپ چۈشەندۈرۈشى تېخىمۇ توغرا. تۈلكىنىڭ ئوبرازىدىكى قۇۋلۇق، ئالداش ياكى يالغان ئېيتىش ئوخشاش يات قىلىقلارنى تەھلىل قىلىپ، بالا بىلەن پىكىر تالاش ئۆتكۈزگەن زۆرۈر. بۇ كېلەچەكتە بالىلار باغچىلاردا ۋە مەكتەپتە ھەرخىل سەھنە پائالىيەتلىرىگە قاتناشسا، ئۇلارغا ئاجىز ھايۋاناتلار بېرىلسە، بالىدا ئۇلار توغرىلىق دۇرۇس چۈشەنچە قېلىپلىشىدۇ.

ھازىر كۆپلىگەن ئائىلىلەردە بالىلار قەدەممۇ-قەدەم ئىلگىرىلىمەستىن، چۆچەك تىڭشاشنىڭ ئورنىغا يانفونلارغا ناتوغرا باغلىنىپ، ئاتا-ئانىنىڭ ياردىمىسىزلا ھەرخىل مۇلتفىلىم-فىلىملارنى قويۇۋېلىپ كۆرىدۇ. تور بەتلىرىدە شۇنداق مۇلتفىلىم-فىلىملار باركى، قەھرىمانلىرى ئۆمۈردە يوق، چۈشىنىكسىز، ئۇرۇش-سوقۇش، جېدەل-غوۋغا، مەنىسىز سۆزلەرگە تولا. مۇنداق مۇلتفىلىم-فىلىملارنى بالىلار باشتا قىزىقىپ كۆرىدۇ، ئاندىن ئۇخلىغاندا، كۆرگەنلىرى ئېسىغا كېلىپ، قورقۇنچ سېزىمى پەيدا بولىدۇ.

شەخسىي تەجرىبەمدىن بىر مىسال كەلتۈرسەم، يەتتە ياشلىق بالا كۈندە دېگۈدەك يانفونغا يېپىشىۋېلىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان، فانتازىيەلىك مۇلتفىلىم-فىلىملارنى كۆرگەن بولسۇن. كېيىن شۇ سەلبىي قەھرىمانلار پسىخولوگىيەسىگە قاتتىق تەسىر قىلىپ، بالا شۇ ۋىرتۇئال ئالەمگە كىرىپ كېتىدۇ. ھەتتا قورقۇنچلۇق دىۋەلەر كۆزىگە كۆرۈنۈپ، قاتتىق چۆچۈپ كېتىدۇ. ئاتالمىش مۇلتفىلىم-فىلىملارنىڭ قۇربانى بولغان بالا بىلەن پسىخاتىر بىلەن ھەمكارلىشىپ، پسىخوتۈزىتىش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشكە توغرا كەلدى.

بالا ھەممە نەرسىدىن مۇھىم بولسا، ئۇنىڭ تەربىيەسى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم، شۇڭا ئاتا-ئانىلار بالا تەربىيەسىگە ۋاقىت بۆلۈپ، ئەجدادلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ قالغان چۆچەكلەرنى كۆپلەپ ئوقۇشقا تىرىش كېرەك. بۇ تەربىيە ئۇسۇلى ئارقىلىق كېلەچەكتە ئەقىل-پاراسىتى چوڭقۇر، سۆزى ئېنىق، بىلىملىك شەخس تەربىيەلەيمىز. چۈنكى، تەربىيە ــ بالىنىڭ تەقدىرىنى يېشىدىغان ئۇلۇغ ئىش.

---

* پسىخولوگ.



# ئۇيغۇر دولان مۇقاملىرى

ئەكرەم ھاشىموۋ* (ئۆزبېكىستان)

شەرق خەلقلىرى مۇزىكا سەنئەتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلانغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، ژانىرلىرىنىڭ بايلىقى ۋە خىلمۇ-خىللىقى بىلەن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. كۆپ ئەسىرلىك راۋاجلىنىش تارىخىدا ئۇيغۇر خەلقى ئاددىي فولكلور ژانىرلاردىن تارتىپ، تا ئەڭ مۇرەككەپ بولغان كەسپىي مۇزىكا ژانىرلارنى ياراتقان ھالدا ناياب ئىقتىدارىنى نامايان قىلىپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈزەل ۋە باي مۇزىكىسى، زوققا تولا ناخشا، جۇشقۇن قوشاق ۋە ئۇسسۇللىرىدىن بەھرە ئالغان قەدىمى خىتاي ۋە ياۋروپا سەييالىرى ، تارىخچىلىرىنىڭ كۆپلىگەن يازما مەنبەلىرى خاتىرە بولۇپ قالغان.

خىتاي تارىخشۇناسى سيوەن تسزيان(600-664) «غەربىي ئۆلكىلەر ھەققىدە خاتىرىلەر» ناملىق ئەسىرىدە– «بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆز تەقدىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن، باي ۋە خۇشال ياشايدۇ. ئۇلار ناخشا–قوشاق، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكىنى جان-دىلى بىلەن سۆيىدۇ»– دەپ يازىدۇ. يەنە بىر خىتاي سەيياھى ۋان-خۇن (XIII – ئەسىر) «ساياھەت» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە سيوەن تسزياننىڭ پىكرىنى تەستىقلاپ: «كۇچارلىقلار قوشاق ۋە مۇزىكىنى ناھايىتى سۆيىدىكەن... خوتەنلىكلەر بولسا قوشاق ۋە ناخشا، ئۇسسۇلسىز كۈن ئۆتكۈزمەيدىكەن، ئۇلار ئويۇن - كۈلكىسىز ياشىماس ئىكەن» – دەپ يازىدۇ.

891 - يىلى خىتاي خاقانىنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇيغۇرىستاننىڭ تۇرپان ۋىلايىتىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەن ۋان ياندىنىڭ: «بۇ يەرنىڭ ئاھالىسى سازەندە ۋە غەزەلخان ئىكەن . پىپو (ماندولىنانىڭ بىر تۈرى ) ۋە كۇن-خۇ (25 تارلىق گىتارغا ئوخشايدىغان مۇرەككەپ مۇزىكا چالغۇسى) نى ئىشلىتىدىكەن، ئۇلار يېقىن–يىراق ساياھەتلەرگە چىققانلىرىدا مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى مۇتلەق ئېسىدىن چىقارمايدىكەن»، – دەپ خاتىرىلەيدۇ . بۇنداق خاتىرىلەر يەنە كۆپلىگەن تارىخچى ۋە سەيياھلار تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ئۇيغۇرىستاننىڭ تەكلىماكان چۆلى ئەتراپىدا جايلاشقان دولان ھۇدۇدى توغرىسىدا كۆپ ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر يارىتىلغان. ئۇشبۇ ئېغىز ئىجادىيىتى نەمۇنىلىرىگە قارىغاندا، قەدىمدىن تارتىپ بۇ يەردە ئىجتىمائىي ھايات قايىنىغان. ئۆزىنىڭ قەدىمىي ئەنئەنىلىرى ۋە باي مەدەنىي مىراسىغا ئىگە بولغان يەرلىك ئاھالە ئاساسەن ئوۋچىلىق ۋە دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ تىرىكچىلىك ئۆتكۈزگەن . دولان خۇدۇدىدىن بۈيۈك يىپەك يولىنىڭ ئۆتكەنلىكى بۇ يەردە تىجارەت راۋاج تاپقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

دولان سۆزى ئەسلى نېمە مەنىنى ئاڭلىتىشى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. لېكىن، كۆپلىگەن تىلشۇناس ئالىملار تەرىپىدىن تۈرلۈك ئىزاھلار بېرىپ كېلىنمەكتە. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆزلىرىنىڭ تەخمىنلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، يازما مەنبەلەرنىڭ يوقلىقى بۇ تەخمىنلەرنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىش

* ئۆزبېكىستان دۆلەت كونسېرۋاتسىيەسى دوتسېنتى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

ئۇچۇن يېتەرلىك دەلىل بولالمايدۇ. ئامما ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنىمۇ كۆرۈپ چىقىش مەقسەتكە مۇۋاپىق بولىدۇ. ئويلايمىزكى كەلگۈسىدە ئۇشبۇ بوشلۇق ئەلۋەتتە تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئىزدەپ تېپىلىدۇ.

زامانلارنىڭ ئۆتىشى، بۇ يەردە دائىم بولۇپ تۇرغان جەڭلەر ۋە تەبىئىي ئاپەتلەر نەتىجىسىدە بۇ يەرلەردە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ چۆللەردىن بىرى بولغان تەكلىماكان چۆلى ھاسىل بولغان. تەكلىماكان چۆلى ئەتراپىدا جايلاشقان قەدىمىي شەھەرلەردىن ياركەنت، خوتەن، مارالبېشى، بارچۇق، چېرچىيە، كېرىيە كەبى قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ ئاھالىسى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدىكى سەنئەت نەمۇنىلىرىنى يارىتىپ قالدۇرغان. ئەپسۇسكى، ئۆتمۈش يازما مەنبەلىرىدە دولان توغرىسىدا مەلۇماتلار دېيەرلىك ئۇچرىمايدۇ.

تىلشۇناس ئالىم ئابدۇكېرىم رەھمان ئۆزىنىڭ «مۇقام تەتقىقاتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى ھەققىدە تېزىس» ناملىق ماقالىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى يازىدۇ. «تارىختىن بۇيان دولانلار جايلاشقان مەكىت، مارالبېشى، ياركەنت، ئاقسۇ ئاۋات ۋە كورلانىڭ لوپنۇر قاتارلىق جايلىرى <دولان> دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ جايلاردا كىلاسسىك مۇزىكىمىز ئون ئىككى مۇقام بىلەن بىر قاتاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باي مۇزىكا خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك مىراسلارنىڭ بىرى بولغان ۋە بىر قەدەر قەدىمىي ئۇيغۇر مۇقاملىرىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان دولان مۇقامى ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ جەھەتتە بەزى تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن <دولان> دېگەن بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە دولان تارىخى ھەققىدە ھازىرغىچە قانائەتلىنەرلىك ئىزدىنىش قانات يايدۇرۇلمىدى. دەرۋەقە، بۇ ھەقتە دەسلەپكى قەدەمدىكى بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، يەنە داۋاملىق ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ».

XX – ئەسىرنىڭ ئاخىرى XXI – ئەسىرنىڭ بېشىدىن باشلاپ دولان مەدەنىي ھۇدۇدى، مەھەللە ئاھالىسى، ئۇنىڭ ئۆرۈپ-ئادەتلىرى، مەدەنىيىتى، شۇ جۈملىدىن، مۇزىكا سەنئىتىگە ئايىت دۇنيا ئالىملىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭ قىزىقىش پەيدا بولغانلىقى كۆزىتىلمەكتە. ئەمدىلىكتە دولان توغرىسىدا يېزىلغان تۈرلۈك ماقالە، كىتاب ۋە توپلاملاردا بۇ ھەقتە خىلمۇ-خىل پىكىرلەرنى كۆرۈش مۇمكىن.

مەلۇمكى، ئۇيغۇر مۇزىكا مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك باي تارىخىي مىراسىغا ئىگە. خەلق ئۆزىنىڭ بارچە خۇشاللىقلىرىنى ۋە غەم - قايغۇلىرىنى نەغمە-سازلار ئارقىلىق ئىپادە ئېتىپ كەلگەن. بۇ ئورۇندا بولۇپمۇ كەسپىي مۇزىكا قاتلىمىغا مەنسۇپ مۇقام، داستان، سەنەم ۋە ناخشا قاتارلىق ژانىرلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كۆپ ئەسىرلىك ئىجتىمائىي - مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلەش كېرەك. مىسال ئورنىدا سەنەم ژانىرىنى ئالايلۇق. خەلقنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا سەنەملەر مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرىنى بېجىرىپ كېلىدۇ. ئەيتىم، چالغۇ كۈي ۋە ئۇسسۇللارنى ئۆزىدە جەملىگەن سەنەم نەمۇنىلىرى ئاساسەن توي مەرىكىلەردە ئىجرا ئېتىلىشى ئۇدۇم بولۇپ قالغان. شۇ

باھاسىدىنمۇ ھەر بىر توي، مەشرەپ ياكى بەزمە-ناۋالار دولان سەنەملىرىسىز ئۆتمەيدۇ. ئەگەر سەنەملەر ۋاستىسىدە ئاممىۋي يىغىنلارنى شادۇ-ھۆررەملىك بىلەن ئۆتكۈزۈش مەقسىتى ئۇستىۋار بولسا، مۇقاملارنىڭ خەلق مەنىۋي ھاياتىدىكى ئورنى ئالاھىدە تۇرىدۇ.



خۇسۇسەن، قەدىمكى زامانلاردا شەكىللىنىپ، ئەسىرلەر داۋامىدا تەرەققىيات يولىنى بېسىپ ئۆتكەن ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى بىزنىڭ زامانىمىزغىچە قەدەر كىلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بېتەكرار دۇردانىلىرى سۈپىتىدە يېتىپ كەلدى. ئۇيغۇرلار دىيارىنىڭ كۆپكىنە يەرلىرىدە مۇقاملارنىڭ تارقىلىشى، بۇ سەنئەتنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا قانچىلىك چوڭ ئېتىبارغا لايىق ئىكەنلىكىنىڭ نىشانىسىدۇر.

بۈگۈنكى كۈندە مەۋجۇت ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى مەھەللىي خۇسۇسىيەتلىرىگە كۆرە ئۈچ گۇرۇھ - قەشقەر، دولان، قۇمۇل گۇرۇھىغا ئايرىلىدۇ. مەزكۇر يىرىك گۇرۇھنىڭ بىرى بولغان دولان مۇقاملىرى قاچان، قانداق شارائىتتا ۋە كىملەر تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ھازىرچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. بۇ توغرىسىدا ئۆتمۈشتىن قالغان يازما مەنبە ياكى ئاغزاكى مەلۇماتلارنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلمىگەنلىكى، تەبىئىيكى ، مۇقامغا دائىر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشتە مەلۇم قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ.

شۇ بائىس دولان مۇقاملىرى توغرىسىدا دەسلەپكى تەھلىلىي ئىزدىنىشلەرنى قىسقىچە بايان ئېتىپ ئۆتمەكچىمىز. دولان مۇقاملىرى ئۇيغۇرىستانىنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدە كەڭ تارقالغان مۇقاملارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ خېلى مۇرەككەپلىكى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئۇلارنىڭ كۈي شەكىللىرىنىڭ تۈزىلىشى، لاد تىزىملىكىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى ھەمدە تۈركۈملەرنىڭ ئۆزگىچىلىكىدە ياققال سېزىلەرلىكدۇر. مەسىلەن، دولان مۇقاملىرى باشقا ۋىلايەتلەردە كەڭ تارقالغان ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئوخشاش ئون ئىككى مۇقامدىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئامما مۇقامات تىزىملىكىدە ئۆزىگە خاس ئالاھىدە يىرىك تۈركۈم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈركۈم تۆۋەندىكى مۇقاملاردىن تەشكىل تاپىدۇ:

1 . باش باياۋان مۇقامى
2 . زىل باياۋان مۇقامى
3 . چۆل باياۋان مۇقامى
4 . ئۆتەڭ مۇقامى
5 . بوم باياۋان مۇقامى
6 . سىم باياۋان مۇقامى
7 . جوۋلا مۇقامى
8 . خودەك باياۋان مۇقامى
9 . دۈگامەت مۇقامى
10 . بوستان باياۋان مۇقامى
11 . ساباھ باياۋان مۇقامى
12 . موغال باياۋان مۇقامى

ھەر بىر مۇقام بەرقارار ھالدا تۆۋەندىكى نامىلاردا كەلگەن بەش قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 . مۇقامبېشى
2 . چېكىتمە
3 . سەنەم
4 . سەلىقە
5 . سىرىلمە

دولان مۇقاملىرى، كىلاسسىك شائىرلارنىڭ غەزەللىرىگە ئاساسلانغان باشقا ۋىلايەتلەردىكى مۇقاملاردىن پەرقلىق ھالدا، ئاساسەن بارماق ۋەزىنلىك خەلق شېئىرىيىتىگە قۇرۇلغاندۇر.

دولان مۇقاملىرىنى ئىجرا ئېتىشتا دولان راۋابى يېتەكچىلىك قىلىدۇ. بۇ چالغۇ قاتارىدا دولان غېجىكى، قالۇن، داپ ۋە ئەيتىمچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئانسامبىل شەكلى ھازىرقى دەۋرگە قەدەر خەلق ئارىسىدا ئۆزگەرمەستىن كەلمەكتە. بۇ ھال دولان مۇقاملىرىنىڭ ئىجراچىلىق ئەنئەنىلىرى قەدىمىيلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇرىدۇ.



خۇلاسە ئورنىدا شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇر خەلقى مىڭ يىللار داۋامىدا يارىتىپ، راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن مۇقاملار بۈگۈنكى كۈندە شەرق خەلقلىرى، شۇنىڭدەك جاھان خەلقلىرى مۇزىكا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي بىر قىسمى بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى، قەدىمىيلىكى ۋە بايلىقى بىلەن ئىنسانىيەت تەرىپىدىن يارىتىلغان مەدەنىي-مەنىۋى بايلىق سۈپىتىدە ساقلىنىپ كېلىنمەكتە. ئويلايمىزكى، ئۇشبۇ سەنئەت نەمۇنىسى كەلگۈسىدە يەنىمۇ كۆپلەپ ئۆز ئىخلاسمەنلىرىگە ئىگە بولغان ھالدا تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئۇلارنىڭ يېڭى-يېڭى قىرلىرى كەڭ يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.





دولان مۇقامىدىن كۆرۈنۈشلەر

www.uyghurkitap.com



ئىلى مەشرەپ ئويۇنلىرىدىن «جۇۋاز» ئويۇنى.
مىرزەخمەت مۇھەممەت فوتوسى.

# خاتىرەمدىكى بىر مەشرەپ

مىرزەخمەت مۇھەممەت (شىۋېتسىيە )

ئېسىمدە قېلىشىچە، 1980 - يىللارنىڭ بىر باش كۈزىدە چوڭ ئاكام ئۆيىمىزدە ئوتتۇز ئوغۇلغا مەشرەپ بەرگەنىدى. بۇ مېنىڭ مەشرەپنى تۇنجى كۆرۈشۈم بولغاچقا بەكلا قىزىقتىم، ئاكامغا ياردەملىشىپ ئۇياقتىن بۇياققا چېپىپ يۈردۈم. ئۇ چاغلاردا مەن ئون نەچچە ياشلاردىكى ھەممىگە قىزىقىدىغان، دۇنيانى بۇ كىچىككىنە مەھەللىمىدىن ئىزدەيدىغان ھەم شۇنداق ئويلايدىغان بالا ئىدىم.

بۇ كۈزلۈك يىغىنىڭ ئاياغلىشىپ، دېھقانلارنىڭ قولى بىرئاز بوشاپ قالغان، يۇرت، مەھەللىمىز ئالتۇن كۈزنىڭ گۈزەللىكىگە چۆمگەن چاغ ئىدى.

ئۈزۈم باراڭلىق ھويلىمىزدىكى پېشايۋاننىڭ ئۈستىگە سارايدىكى ئىككى پارچە تىكمەتنى سېلىپ ئۈستىگە ئاپامنىڭ چىبەرقۇت يېكەندازلىرىنى تاشلاپ تولىمۇ چىرايلىق سورۇن ھازىرلىدۇق. ئۈزۈم باراڭنىڭ ئاستىدىكى چوڭ سەينانى مەشرەپنىڭ ئويۇنلىرىنى ئوينايدىغانغا رەھمەتلىك داداممۇ قالدۇردۇق. مەشرەپلەرگە ئامراق كىشى بولغاچ بىر قوينى سويدى. چوڭ ئوغلىنىڭ تۇنجى بەرگەن مەشرىپى ئۈچۈن. سائەت ئىككى بىلەن مېھمانلار كېلىشكە باشلىدى.

مەشرەپ ئەھلى تولۇق يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن پاششاپ مەشرەپنى باشلاش ھەققىدە يىگىت بېشىدىن ئىجازەت سورىدى. يىگىت بېشىنىڭ ئىجازىتى بىلەن مەشرەپ باشلاندى.

پاششاپ كۆلبېگىگە ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن كۆلبېگى ئاپتۇۋا-چۆگۈن، لۆڭگىلەرنى ئەكېلىپ مېھمانلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىشكە باشلىدى. كۆلبېگى بولغان ئىسمائىل ئاكام ناھايىتى چاققان، تېتىك، سىلىق ۋە ئەدەپ - قائىدىلىك كىشى بولۇپ يۇرتتىكى ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە كىشى ئىدى. مېھمانلارغا چاي تارتىلدى. ساھىبخان بولغان ئاكام ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ يىگىت بېشى باشلىق بارلىق ئوتتۇز ئوغۇلنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى. چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت بېشىنىڭ ئىجازىتى ئارقىلىق داستىخان يىغىلدى.

ئاندىن پاششاپ ئوتتۇز ئوغۇلنى يەكتىز ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى. (يەكتىز دېگىنىمىز بىر پۇتنى تىزلاپ، بىر پۇتنى تىكلەپ ئولتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ).

ئاندىن پاششاپ سازەندىلەرنى ساز چېلىشقا تەكلىپ قىلدى. ساز چېلىنىۋاتقان جەريانلاردا

پاششاپ بىر نەچچە قېتىم «خەپشۈك» دەپ سورۇن ئەھلىنىڭ دىققىتىنى سورۇنغا يىغدى.

مەشرەپتىكى مېھمانلار ئىككى مەھەللىنىڭ يىگىتلىرى بولۇپ ھەممىسى ماڭا تونۇش ئاكىلار ئىدى. ئۇلار تولىمۇ ماھارەتلىك ئىكەن، بىرى دۇتار چالسا، يەنە بىرى تەمبۇر چالاتتى. ئادەتتە كەمسۆز كۆرۈنىدىغان بىر ئاكىمىز تېخى ئېغىز گارمۇنىنى شۇنداق چىرايلىق چالىدىكەن. «خانلەيلۇن»، «ئورما ناخشىسى» قاتارلىق بىر قانچە ناخشىلار ئېيتىلغاندا ھويلىمىز يىراق يېقىندىن مەشرەپ كۆرگىلى كىرگەنلەر بىلەن تولدى.

مېنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلغىنى مەشرەپ تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغانلارنى جازالىغان مەشرەپ ئويۇنلىرى بولۇپ، بۇ ئويۇنلار قىزىقارلىق، مەنىلىك ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. تېخىمۇ قىزىقى، بۇ ئويۇنلار پۈتۈنلەي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان بولۇپ بەزىلىرى دېھقانچىلىق ۋە ئەمگەكنى ئەكس ئەتتۈرسە، يەنە بەزىلىرى ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتەتتى، يەنە بەزىلىرى كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلاتتى. «سامسا يېقىش»، «جۇۋاز ئويۇنى»، «رەسىم تارتىش»، «ئىككى خوتۇن ئېلىپ بېرىش» قاتارلىق ئويۇنلار ئوينالدى.

مەشرەپنى قىزىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلدىمۇ ئەيتاۋۇر ئىمام ئىسىملىك بىر ئاكىمىز ساز چېلىنىۋاتقاندا ئۇخلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن سەگىتىپ جازالاش ئويۇنى ئوينالدى. بۇ ئويۇن چوڭ بىر جاۋۇرغا سۇ توشقۇزۇپ، ئىچىگە تەڭگە تاشلايدىكەن. ئاندىن جازالانغۇچى سۇغا بېشىنى چۆكۈرۈپ، تەڭگىنى ئالىدىكەن. بۇ جازا ئويۇنى ئارقىلىق سورۇنلاردا تېتىك، ھوشيار تۇرۇش ئۆگىتىلىدىكەن. جۇۋازغا قېتىش ئويۇنىمۇ بەك قىزىقىدىكەن. سورۇندىن رۇخسەت سورىماي سىرتقا چىققان بىر كىشى يىگىت بېشى ۋە قازىبەگىنىڭ ئورتاق مەسلىھەتى بىلەن جۇۋازغا قېتىش جازاسىغا بۇيرۇلدى. پاششاپ جازالانغۇچىنىڭ بېلىدىن بىر ئۇزۇن پوتا ياكى لاتا بىلەن باغلاپ ئۇنى تىزچىلاپ ئولتۇرغۇزىدىكەن، پوتىنىڭ بىر ئۇچىنى پاششاپ تۇتۇپ تۇرىدىكەن ھەم بىر ئۇزۇن نوغۇچنى ئۇ كىشىنىڭ گەدىنىدىن كىرگۈزۈپ، نوغۇچنى دۈمبىسىدە توختىماي ئۇياق بۇياققا ئايلاندۇرىدىكەن ھەم گەجگىسىدىن سۇ قويىدىكەن، سۇ پۇشقاقتىن ئېقىپ چۈشىدىكەن، بۇنى ماي چىقتى، دەپ سورۇندىكىلەرگە كۆرسىتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشى ئىنتىزامغا، تەرتىپكە بوي سۇنۇشنى ئۆگىنىدىكەن.

ئاندىن بىر پەس ئۇسسۇل ئوينالغاندىن كېيىن مەشرەپ ئەھلى راھەت ئولتۇرۇشقا بۇيرۇلۇپ ھەممەيلەن خالىغانچە ئۆزئارا پاراڭغا چۈشتى. ھەتتا مەھەللە چاقچاقچىلىرى قىزىق، يۇمۇرىستىك چاقچاقلىرى بىلەن سورۇندىن قىقاس چىقىرىۋەتتى. تۇرسۇنكامنىڭ سۆز ئويۇنى، لېتىپكام چېلىپ بەرگەن مۇڭلۇق ئېغىز گارمۇنى ھېلىمۇ يادىمدا.

بۇ كۆڭۈل ئېچىشلاردىن كېيىن كۆلبېگى مېھمانلارنىڭ قولىغا يەنە سۇ بېرىپ، قايتىدىن داستىخان سېلىنىپ تاماق تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن پاششاپ ئوتتۇز ئوغۇلنى يەنە يەكتىز ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى ۋە «گۈلچاي كەلتۈرۈلسۇن!» دەپ توۋلىدى.

بىز تەييارلىغان گۈلچاي بولسا بېغىمىزنىڭ ئالمىلىرىدىن پىچاق بىلەن ئويۇپ ياسالغان نەقىشلەر ئارىسىغا قىستۇرۇلغان بىر تال گۈل بولۇپ، كۆلبېگى ئۇنى بىر چىرايلىق پەتنۇستا كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە پاششاپقا بەردى، پاششاپ بىر كۇپلېت قوشاق بىلەن يەنە بىرەيلەنگە بەردى، گۈلچاي مۇشۇنداق بېيىت، قوشاقلار بىلەن ئايلاندى. ئاخىرىدا، سەمەت ئاكام تالىشىپ يۈرۈپ، كېلەركى مەشرەپنىڭ ساھىبخانى بولدى.

بۇ مەشرەپ مېنىڭ نەزىرىمدە ئىنتايىن قىزىغان، مەنىلىك ئۆتكەن بىر مەشرەپ بولۇپ، كۆڭۈل خاتىرەمگە يېزىلىپ قالدى.

ئىلى «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئوتتۇز ئوغۇل نامى بىلەن ئاتالغان بولسىمۇ بىراق سانىغا چەك قويۇلمايدۇ. بۇ مەشرەپنىڭ رولى يالغۇز مەشرەپ ئويناش بولۇپلا قالماي، يىگىت بېشى ئۆز مەھەللىسى ياكى يۇرتىدىكى ئوتتۇز ئوغۇلنى يەرلىك كولاش، دەپىن ئىشلىرىنى بېجىرىشكە بۇيرۇيدۇ. تويدا باشتىن-ئاخىرى ساھىبخانغا ياردەملىشىپ مېھمان ئۇزىتىشىپ بېرىدۇ. ئەگەر شۇ مەھەللىدە ياكى يۇرتتا تەبىئىي ئاپەت كۆرۈلسە مەشرەپ ئەھلى جان پىدالىق بىلەن ياردەمدە بولىدۇ. جامائەتمۇ ئۇلارنى قوللايدۇ. يىگىت بېشىنىڭ قارارىنى ھۆرمەت قىلىدۇ.

«ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» ئەدەپ-ئەخلاق ئۆگىتىدىغان سورۇن بولۇپلا قالماي شۇنداقلا يەنە سازەندە، ناخشىچى، قوشاقچى، چاقچاقچى قاتارلىق خەلق سەنئەتچىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپ.

مانا ئارىدىن قىرىق يىل ئۆتكەن بولسىمۇ باللىق خاتىرەمدىكى بۇ گۈزەل سۈرەت ئۆچۈپ باقمىدى. «ئوتتۇز ئوغۇل مەشرىپى» نىڭ ئىلىدا تارىخىنىڭ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىلى ئۇيغۇرلىرى تۇرمۇشىنىڭ كىچىكلىتىلگەن، ئوبرازلاشتۇرۇلغان بىر خىل شەكلى ئىكەنلىكىنى ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# پۇرچاق چۆچۈرىسى

ئامىنە ۋايىت/ سەدەپ (تۈركىيە)

چۆچۈرە – ئۇيغۇر تائاملىرى ئىچىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان قۇۋۋەتلىك تائام تۈرلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



چۆچۈرىنى ھەممە كىشى ياقتۇرۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئۇ مىزاجىنى تەڭشەش، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىش، ئەزالارنى كۈچەيتىش رولىغا ئىگە. گۆش تۈرىدىكى تائاملارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار ھەم گۆش تەركىبى بولغان، ھەم ئۇنى تەڭشەپ قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان، شۇنداقلا بۇ ئىككىسىنىڭ تەمىنى تەڭشەپ، قۇۋۋەتنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان دورا- دەرمەكلەر تەڭشەلگەن چۆچۈرىنى ئىجاد قىلىش ئارقىلىق ، ئۆزلىرىنىڭ بەدەن تۈۋرۈكىنى قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق كىلىماتقا ماسلاشتۇرۇش مەقسىتىگە ئوڭۇشلۇق يەتكەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چۆچۈرە ئىستېمال قىلىش تارىخى ئىنتايىن ئۇزۇن. 1969 - يىلى تۇرپان ئاستانە قەبرىستانلىقىدىكى 117 - نومۇرلۇق قەبرىدىن 8 -، 9 - ئەسىرلەرگە ئائىت بېجىرىم ساقلانغان ئىككى دانە چۆچۈرە تېپىلدى.



چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى تۈگرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما خېمىرى بىلەن تۈگۈش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئەھۋال شۇكى، تۈگرە بىلەن چۆچۈرە قىيمىلىق تائاملار بولۇپ، ھەر ئىككىلى تائامنىڭ قىيمىسى بىردەك گۆش، پىياز، تۇز، دورا - دەرمەك سېلىپ ھازىرلانسىمۇ، ئۇلارنىڭ خېمىرىنىڭ تەييارلىنىشى ۋە تۈگۈشىنىڭ ئوخشىماسلىقى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، قەدىمكى دەۋرلەردىكى تۈگرە بىلەن چۆچۈرە ئوتتۇرىسىدا روشەن پەرق بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ھەر ئىككىلىسىنى چۆچۈرە دەپ ئاتاپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ئەڭ يېڭى تېببىي تەتقىقاتلارغا ئاساسلانغاندىمۇ، چۆچۈرىلەرنىڭ ئاشقازان، ئۈچەي، بۆرەكنى قۇۋۋەتلەش، قەۋزىيەتنى بوشىتىش، ماغدۇرسىزلىق، ھارغىنلىقنى تۈگىتىش، توسالغۇلارنى ئېچىش، بەدەننى چىڭىتىش رولى بارلىقى ئىسپاتلاندى.

چۆچۈرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ھەرخىل چۆچۈرىلەرنىڭ ئىستېمال قىلىش تەرتىپى ئوخشاش بولمايدۇ. قىش ۋاقىتلىرى ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى، ئىسسىقلىق تەبىئىتى كۆپ، قۇۋۋىتى زىيادە بولغان گۆش، مېغىز ۋە قورۇما چۆچۈرىلەر ئىستېمال قىلىنسا، ياز ۋە ئەتىياز ۋاقىتلىرى كۆك چۆچۈرىسى ۋە باشقا كۆكتات چۆچۈرىلىرىگە ئوخشاش ھۆللۈك تەبىئىتى كۆپ، سوغۇق تەبىئىتى كۈچلۈكرەك بولغان چۆچۈرىلەر كۆپرەك ئىستېمال قىلىنىدۇ.

چۆچۈرىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئېتىش ئۇسۇلى «ئۇيغۇر تائاملىرى قامۇسى» دا بىر قەدەر تولۇق بايان قىلىنغان بولۇپ، بىز بۇ يەردە قامۇستا ۋە باشقا يېمەكلىك كىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان ئۈچتۇرپاننىڭ يەرلىك تائاملىرىدىن بىرى بولغان پۇرچاق (كۆك ماش) چۆچۈرىسىنى تونۇشتۇرىمىز.

پۇرچاق چۆچۈرىسى گۆشلۈك ۋە گۆشسىز ئىككى خىل ئۇسۇلدا ئېتىلىدۇ.

گۆشسىز پۇرچاق چۆچۈرىسى – مۇۋاپىق مىقداردىكى پۇرچاقنى ھاۋانچىغا ياكى تاش بىلەن يانجىپ يۇمشاق ھالەتكە ئېلىپ كېلىمىز. ئۇنىڭغا مۇۋاپىق مىقداردا خام قايماق، تۇز، زىرە سېلىپ مىجىپ قىيما قىلىمىز. تەييار بولغان قىيمىنى جىلىتكە( خېمىرى ۋە جىلتى نورمال چۆچۈرىنىڭكىدەك بولىدۇ ) سېلىپ تۈگۈپ تەييار قىلىمىز ۋە تەييار بولغان چۆچۈرىنى ئالدىن قاينىتىپ تەييار قىلغان شورپا سۈيىگە سېلىپ، تۇز تەمىنى تەڭشەپ، يۇمغاقسۈت ياكى پىننە ۋە ياكى ئۇششاق توغرالغان پالەك سېلىپ، ئاندىن قاچىغا ئۇسىمىز.

ئالاھىدىلىكى – يېنىك ۋە سىڭىشلىك بولۇپ، گۆش ئىستېمال قىلىش چەكلەنگەن ياكى پەرزلىك تاماق يەۋاتقانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا بەكمۇ مۇۋاپىق.

گۆشلۈك پۇرچاق چۆچۈرىسى– مۇۋاپىق مىقداردىكى

پۇرچاقنى ئوخشاش ئۇسۇلدا يانجىپ يۇمشاتقاندىن كېيىن، ئاز مىقداردا سوقۇلغان پىياز ۋە مۇۋاپىق مىقداردا مايلىق قوي گۆشنى ئۇششاق توغراپ، تۇز، زىرە، ئاقمۇچ، قارىمۇچلاردىن سېلىپ قىيما تەييار قىلىمىز. تەييار بولغان قىيمىدا ئالدىن تەييارلانغان جىلىت بىلەن چۆچۈرىنى تۈگۈپ، ھازىرلىغان شورپىلىق ئاش سۈيىگە سېلىپ، پۇشۇرۇمىز. تۈزىنى تېتىپ بولغاندىن كېيىن ئىستېمال ئادىتىمىز بويىچە ئاشكۆكى، پىننە ياكى ئۇششاق توغرالغان پالەكتىن سېلىپ ئىستېمال قىلساق بولىدۇ.



تاپالماي ئالدىغا كەلگەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ. ئۆي ئىگىسى بۇ مۇساپىر مېھماننى ئۆيگە باشلاپتۇ ۋە پۇرچاق چۆچۈرىسى ئېتىپ بېرىپتۇ. ئۆمرىدە ھېچ ئىچىپ باقمىغان بۇ لەززەتلىك چۆچۈرىنى ئىچكەن يىگىت ئۆي ئىگىسىدىن بۇ تاماقنى ۋە ئېتىش ئۇسۇلىنى سوراپ ئېسىگە ئېلىۋاپتۇ ۋە ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئىچىدە «پۇرچاق چۆچۈرىسى، پۇرچاق چۆچۈرىسى» دەپ، يادلاپ مېڭىپتۇ. ئۆيىگە بېرىپلا بۇ تاماقنى ئەتكۈزۈپ يېيىش خىيالى بىلەن ماڭغان يىگىتنىڭ ئېتى يولدا بىر تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ، ئاتتىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن قورقۇنجىسى بېسىقىپ، ئېسىگە كەلگەن يىگىت ئۆزىنىڭ يادلاپ كېلىۋاتقان سۆزىنى قويغانلىقىنى قويغانلىقىنى ھېس قىلىپتۇ. يىگىت يوقۇتۇپ قويغان گېپىنى تېپىش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈپ ئەتراپنى، ئېتى پۇتلىشىپ كەتكەن تاشنىڭ ئاربىلىقلىرىنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا بۇ يولدىن بىر كارۋان ئۆتۈپ قاپتۇ ۋە كارۋان بېشى يىگىتتىن:





ئالاھىدىلىكى– پۇرچاق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى تۆۋەن يېمەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ۋىتامىن، تۆمۈر، كالىي، يېمەكلىك تالاسى، ماگنىي، يوپۇرماق كىسلاتاسى ۋە A ۋىتامىن، C ئاز مىقداردا ئۆسۈملۈك مېيى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سەمرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قېرىشنى كېچىكتۈرۈش، بالدۇر قورۇق چۈشۈش ۋە سۆڭەك شالاڭشىشنى كېچىكتۈرۈش شۇنداقلا دىيابېت ۋە يۈرەك كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. شۇنداقلا يەنە پۇرچاقنىڭ سۈت كۆپەيتىش، تېرە ئاسراش رولى بولۇپ، بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىستېمال قىلىشىغا بەكمۇ پايدىلىق.

پۇرچاق چۆچۈرىسى توغرۇلۇق ئۇچتۇرپاندا خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر رىۋايەت بار.

قەدىمدە ئۇچتۇرپان ناھايىتى ئاۋات ۋە گۈزەل بىر شەھەر بولۇپ، ئادەملىرى مېھماندوست ئىكەن. دۇنيانىڭ تۆت تەرىپىدىن سودىگەرلەر ۋە يۇرت كېزەرلەر بۇ شەھەرگە كەلمەي قالمايدىكەن. بىر كۈنى يىراق بىر ئەلدىن كەلگەن بىر ياش يولىدىن ئېزىپ قاپتۇ ۋە مېھمان سارايلارنى

–ھەي يىگىت، بۇ تاشلىقتا نېمە ئىزدەۋاتىسەن– دەپ سوراپتۇ.

–بىر گېپىم چۈشۈپ قالغان ئىدى، شۇنى ئىزدەۋاتىمەن، –دەپتۇ يىگىت.

–گەپمۇ يەرگە چۈشۈپ قالامدۇ، –دەپ كۈلۈپتۇ كارۋان بېشى – ما ئەخمەق بالىنى.

–راست دەۋاتىمەن ئاكا، مۇشۇ يەرگە ھازىرلا چۈشۈپ قالدى. يىگىت بۇ سۆزلەرنى دېگەچ ئۆزىمۇ تۇيماي ئاۋازلىق يەل قويۇۋېتىپ قاپتۇ.

– ھوي بالا، پۇرچاق چۆچۈرىسى ئىچتىڭمۇ نېمە، نېمانچە ئۇسۇرىسەن؟– دەپتۇ كارۋان بېشى. يىگىت بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھاللا:

– ھە، تاپتىم ،تاپتىم. پۇرچاق چۆچۈرىسى، پۇرچاق چۆچۈرىسى، – دېگىنىچە يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ تۈرلىرى

زەمىرە گۈلجالى* (تۈركىيە)

ئۆتۈكەن ئۇيغۇر خانلىقى (744 - 840) دەۋرىدە ئەجدادلىرىدىن يەنى 2 - تۈرك خانلىقىدىن قالغان كۆكتۈرك (تۈرك-رۇنىك) يېزىقىدا مەڭگۈ تاشلار پۈتكەن ئۇيغۇرلار، خانلىق ۋەيران بولغاندىن كېيىن باشقا يەرلەرگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. جەنۇبقا ۋە غەربىي جەنۇبقا كۆچكەن ئۇيغۇر قەبىلىلىرى تۇرپان ئويمانلىقى، خېشى يۆلىكى (كارىدورى)، قەشقەر رايونىنى مەركەز قىلغان هالدا ئۈچ ئۇيغۇر هاكىمىيىتىنى قۇرغان ۋە ئومۇمىيۈزلۈك هالدا سوغدى يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن. ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى دۆلەت ئىشلىرىدىلا ئەمەس ئەدەبىي ئەسەرلەردە، كۈندىلىك تۇرمۇش، تىجارەت ۋە ئىلىم-بىرىمغا ئائىت هۆججەتلەردىمۇ كەڭ ئىشلەتكەن. مەلۇم بولغىنىدەك، بۇ يېزىقنى ئومۇمىيۈزلۈك ۋە ئۇزاق ئىشلەتكەنلەر ئۇيغۇرلار؛ بۇ يېزىقتا ئەڭ كۆپ يازما يادىكارلىق يېزىپ قالدۇرغانلار ئۇيغۇرلار؛ بۇ يېزىقنىڭ موڭغۇللارغا تارقىلىپ بۈگۈنگىچە ئىشلىتىلىشىگە سەۋەب بولغانلارمۇ ئۇيغۇرلاردۇر. شۇڭلاشقىمۇ بۇ يېزىق خەلقئارا بىلىم ساهەسىدە «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. بۇ يېزىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئوخشىمىغان رايونلاردا ئوخشىمىغان دەۋرلەرگىچە ئىشلىتىلگەن بولۇپ قەشقەرنى مەركەز قىلغان قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا 13 – ئەسىرلەرگىچە، تۇرپاننى مەركەز قىلغان شەرقىي ئۇيغۇر رايونىدا (قوچو ئىدىقۇت خانلىقى) 15 - ئەسىرگىچە، گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن تاكى 17 - ئەسىرگىچە قوللىنىلغان. 10 - ئەسىردە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئىشلىتىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ بۇ يېزىق تامامەن يوقىلىپ كەتمىگەن، قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا يەنىلا بۇ يېزىق ئىشلىتىلگەن، كېيىن 13 - ۋە 14 -ئەسىرلەردە موڭغۇللار بۇ يېزىقنى ئۆگىنىپ ئۆز يېزىقىغا ئايلاندۇرغان بولسا 16 - ئەسىرگە كەلگەندە مانجۇلار بۇ يېزىقنى موڭغۇللاردىن ئۆگىنىپ ئۆز يېزىقىغا ئايلاندۇرغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركلەر قەدىم زامانلاردىن باشلاپلا ئوخشىمىغان مەدەنىيەتلەر بىلەن ئەسكەرىي، دىنىي، ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن. يىپەك يولى ئەتراپىدىكى رايونلاردا تەخمىنەن يىگىرمە بەش پەرقلىق ئېلىپبە (يېزىق) بىلەن پۈتۈلگەن ئون يەتتە خىل تىلغا ئائىت يازما هۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى بۇ رايوننىڭ نە قەدەر باي كۆلتۈرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ (J. P. Laut, 2008:304). بىربىرىدىن پەرقلىق دىن ۋە كۈلتۈرلەرنىڭ كېسىشمە نۇقتىسى بولغان مەركىزى ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇرلارمۇ هەر خىل دىن ۋە كۈلتۈرلەر بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا قوبۇل قىلغان يېڭى دىن ۋە يېزىقلار تەبىئىي رەۋىشتە ئەدەبىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇيغۇرلاردىن قالغان يازما يادىكارلىقلارغا قارايدىغان بولساق ئوخشىمىغان دىنلارغا ئائىت، پەرقلىق يېزىقلار بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەرنى كۆرەلەيمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە يازما ئەسەرلەرنى چوڭ دائىرىدىن ئالغاندا تەرجىمە ئەسەرلەر ۋە ئىجادىي ئەسەرلەر دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەرجىمە ئەسەرلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ بۇ ئەسەرلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىشقا بولىدۇ، بۇلار:

1. مانىزىمغا دائىر ئەسەرلەر
2. بۇددىزمغا دائىر ئەسەرلەر
3. نېستورىيان (خىرىستىيان) دىنىغا دائىر ئەسەرلەر
4. دىندىن خالىي ئەسەرلەر
5. ئۇيغۇر شېئىرى

هازىرغىچە تېپىلغان ۋە نەشر قىلىنغان مەتىنلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئارىسىدا ئەڭ كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىغىنى بۇددا دىنى مۇهىتىدا يېزىلغانلىرىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بولۇپ نېستورىيان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ناهايىتى ئاز. بۇ ماقالىدە ئاساسلىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ۋە كۆپىنچىسى بۇددا دىنىغا ئالاقىدار بولغان يازما يادىكارلىقلار مەزمۇن جەھەتتىن تۈرلەرگە ئايرىلىپ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ. هەر ئەسەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇهىم تەتقىقاتلار تىلغا ئېلىنىدۇ. مانى دىنىغا، نېستورىيان دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر ۋە دىندىن خالىي ئەسەرلەرمۇ قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

## 1. مانىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئۇيغۇرلاردا مانىست ئەدەبىياتىنىڭ باشلىنىشى تارىخى، ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەندىن تارىم ھاۋزىسىغا كۆچۈشتىن بۇرۇن، بۆگۈ قاغاننىڭ باشچىلىقىدا مانى دىنىنى رەسمىي دۆلەت دىنى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ۋاقىت، يەنى 762 - يىلى دەپ قارالماقتا. مانىست مەتىنلەر ئاساسەن مانى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان بولۇپ مانىست ئۇيغۇرلاردىن قالغان ئەسەرلەردىن ئېزوپ

* بىلەجىك شەيخ ئەدەبالى ئۇنىۋېرسىتېتى، تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمى، لېكتور ئوقۇتقۇچى

e-mail: zemire.gulcali@bilecik.edu.tr, ORCID ID: 0000-0001-8655-9726

مەسەللىرىدىن تەرجىمىلەر، ھېكايىلەر، دۇئا ۋە دىنىي ھۆكمەتلەر، تووۋا-ئىستىغپار دۇئالىرى، تام رەسىملىرى قاتارلىقلار بار. مانى دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر ئىچىدە شېئىرى پارچىلار كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدۇ.

مانى دىنىغا دائىر ئۇيغۇرچە يازمىلار ئۇستىدە ئىلىپ بېرىلغان تۇنجى تەتقىقات، تۇرپاندىكى قوچۇ ۋە بېزەكلىك ئۆڭكۈرلىرىدىن تېپىلغان مەتىنلەرنىڭ گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ئالبېرت ۋون لې كوك (Albert von Le Coq) تەرىپىدىن نەشر قىلىنىشى بىلەن باشلانغان. ئۇنىڭ بىرىنچى ماقالىسى «ئىدىقۇتتىن تېپىلغان مانىست ئۇيغۇر مەتىن پارچىسى» ئىدى.

مانىست ئۇيغۇر مەتىنلىرىنىڭ توپلىمىنى تۇنجى بولۇپ ئا. ۋ. لېكوك (A.v. Le Coq) مانىخايكا (Manichaica) ئىسىملىك ئۈچ كىتاب شەكلىدە نەشر قىلغان، بۇ ئۈچ كىتاب تۆۋەندىكىچە:

Le Coq, Albert von (1912), *Türkische Manichaica aus Chotscho. I.* Berlin (AKPAW. 1911, Anhang.) [Reprint in: SEDTF 1, 393-451].

___ (1919), *Türkische Manichaica aus Chotscho. II.* Berlin (APAW. Phil.-hist. Kl.1919, 3.) [Reprint in: SEDTF 1, 452-464].

___ (1922), *Türkische Manichaica aus Chotscho. III.* Nebst einem christlichen Bruchstück aus Bulayıq. Berlin (APAW. Phil.-hist. Kl.1922, 2.) [Reprint in: SEDTF 1, 452-464].

كېيىن پېتېر سىيمە (Peter Zieme) «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» دېگەن مەجمۇئەنىڭ 5 - ساندا مانىزىمغا دائىر مەتىنلەرنى قايتىدىن ئىشلەپ نەشر قىلغان، بۇ كىتاب تۆۋەندىكىچە:

ZİEME, Peter (1975), *Manichäischtürkische Texte.* Berlin (BT V).

مانىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ ھەجىملىك مەتىن قوچۇ ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان، ھازىر بېرلىن ۋە پېتېرسبۇرگدا يىگىرمىدىن كۆپ نۇسخىسى ساقلىنىۋاتقان تووۋا-ئىستىغپاردۇئاسى – خۇۋاستۇۋانىفت (مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تووۋا دۇئاسى) دېگەن ئەسەردۇر. 15 بۆلۈملۈك بۇ ئەسەردە مانىزىمدىكى دىنىي قائىدىلەرگە رىئايە قىلمىغاندا ھاسىل بولىدىغان گۇناھلار ۋە بۇ گۇناھلار ئۈچۈن ئوقۇلىدىغان تووۋا-ئىستىغپار دۇئالىرى يېزىلغان. بۇ ئەسەر ھەققىدە ئىلىپ بېرىلغان بەزى مۇھىم تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

ASMUSSEN, Jes. P. (1965), *Xuāstvānīft. Studies in Manichaeism,* Copenhagen (Acta theologica Danica.12.).

CLARK, Larry V. (2013), *Uygur Manichaean Texts. Text Translatios Commentary.* Volume II. Liturgical Tezts, Brepols.

ÖZBAY, Betül (2014), *Huastuanift. Manihaist Uygurların Tövbe Duası.* Türk Dil Kurumu, Ankara.

ئۇيغۇر مانىزىمىنىڭ تارىخى ئۇستىدە ئىلىپ بېرىلغان مۇھىم تەتقىقاتلاردىن بىرى ياپونىيەلىك تەتقىقاتچى تاكائو مورىياسۇنىڭ «ئۇيغۇر مانىزىمى ئۇستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسىرىدۇر. مورىياسۇ بۇ كىتابىدا رايوندىكى بۇددىست ۋە مانىست ئۆڭكۈرلەرنىڭ تۈزۈلىشى، ئۆڭكۈرلەردىكى رەسىملەر ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە مانىست يېزىقلار ھەققىدە مەلۇمات بەرگەن. ئۇنىڭ كىتابىدا يەنە غەربىي ئۇيغۇر خانلىقىدا مانىزىمنىڭ گۈللىنىشى، چۈكۈشى ۋە شۇنداقلا بۇددىزىمنىڭ كۈچلىنىشىنىڭ سەۋەبلىرى؛ ئىسلامى مەنبەلەردە غەربىي ئۇيغۇر مانىزىمىنىڭ قانداق قەيت قىلىنغانلىقى قاتارلىقلار ئورۇن ئالغان. بۇ كىتاب ۋە نېمىس تىلىغا تەرجىمىسى تۆۋەندىكىچە:

MORİYASU, Takao (1991), *Uigurur Manikyōshi no kenkyū. Osaka (2004: Die Geschichte des uigurischen Manichäismus an der Seidenstraße).*

مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرى ئەسەرلەرمۇ بار بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئارات (ARAT) تەرىپىدىن «قەدىمكى تۈرك شېئىرى» دېگەن كىتابتا نەشر قىلىنغان:

ARAT, Reşit Rahmeti (1965), *Eski Türk Şiiri*, Türk Tarih Kurumu Yayınları., Ankara 1965.

مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار ئارىسىدا كلارك (Clark L.)نىڭ مۇھىم ئەسەرلىرى بار. مەسىلەن:

CLARK, L. (1997), “The Turkic Manichaean Literature”, *Emerging from Darkness: Studies in the Recovery of Manichaean Sources,* Ed. P. MIRECKI; J. BEDUHN, Brill, Leiden: 89-141.

___(2013), *Uygur Manichaean Texts: Volume II, Liturgical Texts: Texts, Translations, Commentary,* Turnhout (Belgium): Brepols Publishers.

___ (2017), *Uygur Manichaean Texts*: Volume III, *Ecclesiastical Texts: Texts, Translations, Commentary.* Brepols Publishers, Tunhout, Beigium.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 2. بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسلىدە، بۇددا دىنىنىڭ ئۈچ گۆھىرى يەنى بۇددا، نوم ۋە جامائەت تېما قىلىنغان سۇترالار، ئابىدارمالار ۋە ۋىنايالاردىن تەركىب تاپقان ترىپىتاكا (Tripitaka) «ئۈچ سېۋەت» (خەنزۇچە: 三藏 ، ئۇيغۇرچە: سامتسو ~ ئۈچ ئەردىنى ~ ئۈچ ئاغىلىق) ئاتلىق توپلامدىن ئىبارەتتۇر. بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى شەكىل جەھەتتىن ئۈچ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ: (1) نەسرىي ئەسەرلەر؛ (2) شېئىرى ئەسەرلەر؛ (3) نەسىر ۋە شېئىر ئارىلاش يېزىلغان ئەسەرلەر. بۇددىست ئەسەرلەر توپلىمىدا ئەڭ كۆپ ئۈچىنچى تۈردىكى يەنى ھەم نەسرىي ھەم شېئىرىي تۈستىكى ئەسەرلەر ئۇچرايدۇ.

بۇددىست ترىپىتاكاسىدىكى كىتابلارنىڭ بىرىنچى تۈرى بولغان سۇترالاردا بۇددانىڭ دىنىي ۋەزلىرى سۆزلىنىدۇ.

كىتابلارنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولغان ئابىدارما مەتىنلىرىدە بولسا نومغا (بۇددا دىنى شەرىئەتلىرى) مۇناسىۋەتلىك پەلسەپىۋىي پىكىرلەر ئىزاھلىنىدۇ.

كىتاب توپلىمىنىڭ ئۈچىنچى تۈرى بولغان ۋىنايالاردا بولسا بۇددىست جامائەتنىڭ ئىش-ئەمەللىرى ۋە ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە-تۈزۈملەر بايان قىلىنىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، 9 -ئەسىردىن 14 -ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلغان بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كۆپىنچىسى باشقا تىللاردىن (مەسىلەن: دەسلەپكى مەزگىللەردە سوغدى تىلى، توخرى تىلى، سانسكرىت تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدىن ؛ كېيىنكى دەۋرلەردە بولسا خەنزۇ تىلى ۋە تىبەت بۇددىزمىغا ئائىت ئەسەرلەردىن) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇددا دىنىنىڭ ترىپىتاكا (Tripitaka) توپلىمىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئەڭ كۆپ سۇترا كىتابلىرى تەرجىمە قىلىنغان. ۋىنايا كىتابلىرىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغىنى بارمۇ يوق ھازىرغىچە نامەلۇم (Ölmez 2017, 210). ئەلۋەرسكوگ (Elverskog)، كىتابىدا بىر قانچە مەتىن پارچىسىنى ۋىنايانا مەتىنلىرى قاتارىدا كۆرسىتىدۇ، كۆپىنچىسى براخمى ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان سانسكرىتچە-ئۇيغۇرچە ئىككى تىللىق بۇ مەتىنلەرنىڭ تەرجىمە ئەسەر ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق ئەمەس، مۇناسىۋەتلىك مەتىنلەر ئۈچۈن قاراڭ (Elverskog, 1997: 29-32). ئابىدارما كىتابلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئىككى كىتاب ۋە بىر قانچە قىسقا ئابىدارما مەتىنى بار (Ölmez 2017, 210).

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر تۈركولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن پەرقلىق شەكىللەردە كاتېگورىيەلەشتۈرۈلۈپ كەلمەكتە. ئەلۋەرسكوگ (Johan Elverskog) مەخسۇس مۇشۇ تېمىدا يازغان «بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن كىتابىدا ھازىرغىچە (1997 -يىلىغىچە) نەشر قىلىنغان بۇددىست ئۇيغۇر مەتىنلىرى ھەققىدە تەپسىلىي ئۇچۇر بەرگەن ۋە ھەر بىر مەتىن ھەققىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى بىرمۇ بىر كۆرسەتكەن، كىتابتا 83 ئەسەر تۆۋەندىكىدەك ئالتە كاتېگورىيەگە ئايرىلغان ھالدا تونۇشتۇرۇلغان (Elverskog, 1997: 13):

1. ماھايانا بۇددىزمىغا ئائىت بولمىغان (ماھايانا مەزھەبى سىرتىدىكى) مەتىنلەر: سۇترالار، ۋىنايالار، ئابىدارمالار، (جاتاكالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان) بۇددانىڭ تەرجىمىھاللىرى قاتارلىقلار (بۇ كاتېگورىيىدە توپلام 25 ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان، (17 - 49 بەتلەر)؛
2. ماھايانا سۇترالىرى (بۇ كاتېگورىيىدە 13 سۇترا تونۇشتۇرۇلغان، 50 - 73 بەتلەر)؛
3. تەپسىرلەر (بۇ كاتېگورىيەدە 9 ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان، 74 - 85 بەتلەر)؛
4. خەنزۇچە تېكىستلەردىن ئۆيدۇرۇلغان ساختا سۇترالار (Chinese Apo-crypha) (بۇ كاتېگورىيەدە 8 ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان، 86 - 104 بەتلەر)؛
5. تانترىك (تىبەت بۇددىزمىدىن تەرجىمە قىلىنغان) مەتىنلەر (بۇ كاتېگورىيەدە 15 ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان، 105 - 125 بەتلەر)؛
6. باشقا بۇددىست مەتىنلەر (بۇ كاتېگورىيەدە 9 ئەسەر تونۇشتۇرۇلغان، 126 - 148 بەتلەر)؛

ئا. ۋون گابايىن (A. von. Gabain) بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بەش تۈرگە ئايرىپ يىغىنچاقلايدۇ، بۇلار: (1) ھېكايىلەر، قىسسەلەر، (2) سۇترالار، (3) تىۋۋا-ئىستىتىغپار دۇئالىرى، (4) سېھىر، ئەپسۇن مەتىنلىرى (تانترىك)، (5) پەلسەپىۋىي (ۋىنايا) مەتىنلەر (Ş. Tekin 1965, s. 36). قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقات ساھەسىدە گابايىن خانىمنىڭ بۇ قارىشى قوبۇل قىلىنىپ كەلمەكتە. تۆۋەندە بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر بۇ بەش تۈر بويىچە قىسقىچە تونۇشتۇرۇلىدۇ.

### (1) ھېكايىلەر، قىسسەلەر

قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئاۋدان (Skr. avadāna) ياكى چاتىك (Skr. jātaka) دېيىلىدىغان بۇ تۈردىكى ئەسەرلەر ئۆز ئالدىغا ئايرىم بىر كىتاب بولماستىن بەلكى بىرەر كىتابنىڭ، مەسىلەن كۆپىنچە سۇترا كىتابلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇچرايدۇ. بۇ ھېكايىلەر بەلگىلىك بىر قېلىپتا، يەنى بىر بۇددا مۇرىتىنىڭ (تېتسى) ئۇستازىدىن (باخشى) سورىغان سوئالىغا ئۇستازىنىڭ بىر ھېكايە بىلەن جاۋاب بېرىشى تەرىقىسىدە بولىدۇ.

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۈچ ھېكايە (ئاۋادانا) تەرمەچى بار بولۇپ بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر بولغىنى قايسى تىلدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى نامەلۇم بولغان «داشاكارماپاتھاۋادانامالا (*Daśakarma-pathāvadānamālā*)» دېگەن ئەسەردۇر. ئىككىنچىسى ۋە ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى «ساردۇلاكارناۋادانا (*Śārdūla-karṇāvadāna*)»؛ ئۈچىنچىسى بولسا ئابىدارما تۈردىكى بىر ئەسەرنىڭ ئىچىدە ئورۇن ئالغان ۋە ئاۋالوكىتەشۋارا سۇترانىڭ جامائەتكە ئوقۇلۇشىدىن كېيىن سۆزلىنىدىغان ئۈچ دانە ئاۋادانا مەتنىدۇر. بۇ ئۈچ ئاۋادانا تەرمەچى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog 1997: 62-70)

«داشاكارما (*Daśakarmapathāvadānamālā*)» دىكى ھېكايىلەردىن بەزىلىرى ئەڭ دەسلەپ مۈللەر نەشر قىلغان «ئۇيگۇرىكا (Uigurica)» نىڭ 2-، 3-، ۋە 4-كىتابلىرىدا ئېلان قىلىنغان (Müller 1910, 20-24; PhTF II, 224). بۇ ئەسەر ئۈستىدە 2016-يىلى ئىككى كىتاب نەشردىن چىقتى، بىرسىدە 4748 قۇر مەتىن (Elmalı 2016)، يەنە بىرسىدە بولسا 12543 قۇر مەتىن (Wilkens 2016) ئىشلەنگەن:

ELMALI, Murat (2016), *DAŚAKARMAPATHĀVADĀNAMĀLĀ* (Giriş-Metin-Çeviri-Notlar-Dizin-Tıpkıbaskı). Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

WILKENS, Jens (2016), *Buddhistische Erzählungen aus dem alten Zentralasien Edition der altuigurischen Daśakarmapathāvadānamālā. Teil* 1, 2, 3. (BT XXXVII) Turnhout.

ھېكايىلەر تۈردىكى جاتاكالاردىن پېتېر سىيمە رەتلەپ نەشر قىلغان 13 دانە مەتىن پارچىسىدىن تەركىب تاپقان جاتاكا تەرمەچى، ياخشى شاھزادە ۋە ئەسكى شاھزادە جاتاكاسى (ädgü ögli tégin ayıg ögli tégin)، ھارىبھاتتا جاتاكامالاسى (*Haribhaṭṭa Jātakamālā*)، ماخابودھىجاتاكا (*Mahābodhijātaka*)، ساپالچى ھېكايىسى، ۋىسانتارا جاتاكاسى (*Viśantara Jātaka*) قاتارلىقلار بار (بۇ مەتىنلەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: Elverskog 1997: 36-42).

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقكۆڭۈل شاھزادە كالىيانامكارا (Kalyāṇaṃkara) بىلەن يامان نىيەتلىك شاھزادە پاپامكارا (Pāpaṃkara) توغرىسىدىكى «ädgü ögli tégin ayıg ögli tégin» ھېكايىسىنىڭ دۇنخۇاڭ ۋە يارغۇلدىن تېپىلغان ئۈچ پەرقلىق قول يازما نۇسخىسى بار. گابائىن بۇ ھېكايىنىڭ تىبەتچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇ ئەسەر ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارغان خامىلتون بۇ ھېكايىنىڭ خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى تەكىتلىگەن. ئەسەر ئۈستىدە قىلىنغان مۇھىم تەتقىقاتلاردىن بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە:

Pelliot, Paul (1914), "La version ouigoure de I'histoire des princes Kalyāṇaṃkara et Pāpaṃkara." *Toung Pao* 15 (1914): 225-272.

Huart, Cl. "Documents de l'Asie Centrale (Mission Pelliot). Le conte bouddhique des deux fréres, en langue turque et en caracteres ouigours." JA Onzéme serie III (1914): 5-57. Facsimiles: 2 plates between pp. 6-7.

Orkun, H. N. (1940), *Kalyānamkara ve Pāpamkara Hikayesinin Uygurcası*. İstanbul.

Hamilton, James Russell (1971), *Manuscrits oui'gours de Touen-Houang. Le conte bouddhique du bon et du mauvais prince en version ouigoure*. Paris: Klincksieck. Facsimiles: pp. 163-204.

Zieme, Peter. "Ein uigurisches Turfanfragment der Erzählung vom guten und vom bösen Prinzen." AOH 28, 2 (1974): 263-268. Facsimile: p. 265.

بۇلاردىن باشقا يەنە مالوۋ ( S. Y. Malov) نەشر قىلغان «تىشاستۋۇستىك (Ṭišastvustik)»، لائۇت (Jens Peter Laut) نەشر قىلغان «بۇددانىڭ ھايات ھېكايىسى»؛ سىيمە بىلەن گايسلەر ( Peter Zieme - P. Geissler, 1970) ۋە ئۆلمەز (Mehmet Ölmez, 1993) نەشر قىلغان «پاڭچاتانترا ھېكايىلىرى (Pañcatantra)» ، گاباين بىلەن كوۋالىسكى (Annemaria von Gabain - Tadeusz Kowalski, 1959) نەشر قىلغان «شەيتان ئاتاۋاكا (Aṭavakāvadāna)» ۋە مايترىسىمىت (Maitrisimit) قاتارلىق ئەسەرلەرمۇ جاتاكا تۈردىكى ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ (Ölmez 2017: 211).

## (2) سۇترالار

بۇددىست ئەسەرلەر توپلىمى ترىپىتاكانىڭ (Tri-pitaka) ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان تۈرى سۇترا كىتابلىرى بولۇپ، بۇ كىتابلاردا بۇددالارنىڭ دىنىي ۋەزلىرى بايان قىلىنىدۇ. سۇترا مەتىنلىرى دىنىنى يېيىش ۋە ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغانلىقى ۋە جامائەت ئالدىدا ئوقۇلىدىغان بولغاچقا خەلق ئىچىدە ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان. شۇ سەۋەبتىن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئورىگىنال سۇترالاردىن باشقا ئويدۇرما سۇترالارمۇ مەۋجۇت بولغان. بۇددا دىنىنىڭ ھەر ئىككى مەزھەبى (ھىنايانا ۋە ماھايانا مەزھەپلىرى) تۈركلەر جۇملىدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقالغان بولسىمۇ ماھايانا مەزھەبى تېخىمۇ كۆپ يېيىلغانىدى، شۇ سەۋەبتىن سۇترا مەتىنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ماھايانا مەزھەبىگە ئائىت ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىنغان.

بۇددىست ئۇيغۇر سۇترالىرى ماھىيىتىگە ئاساسەن ماھايانا مەزھەبىگە ئائىت سۇترالار، ماھايانا مەزھەبى سىرتىدىكى سۇترالار ۋە ئويدۇرما (ساختا) سۇترالار دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلماقتا (Elverskog 1997).

## ماھايانا مەزھەبىگە ئائىت سۇترالار:

ئەڭ مەشھۇرى 1910 -يىلى مالوۋ تەرىپىدىن گەنسۇدىكى بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان «ئالتۇن يارۇق سۇدۇر (Skr. Suvarṇaprabhāsasottama-sūtra)، دېگەن چوڭ ھەجىملىك سۇترا كىتابىدۇر. داڭلىق ئۇيغۇر تىلماچى شىڭقو شەلى تۇتۇڭ خەنزۇچىدىن (金光明最胜王经 T 665)» تەرجىمە قىلغان بۇ ئەسەر ئۇستىدە ھازىرغىچە كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى، بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog 1997, 65-71; Raschmann-Semet 2006; Uçar 2013). بۇددا دىنىنىڭ ئاساسلىرى ۋە بۇددانىڭ ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان، جەمئىي 10 جىلد 31 بۆلۈملۈك بۇ ئەسەرنىڭ سانتسپتېربۇرگ يازمىسىنىڭ (St. Petersburg) تولۇق مەتىن نەشرى (بېرلىن مەتىن پارچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلغان مەتىن يەشمىسى ۋە سۆز تىزىملىكى) 1994 -يىلى جەۋال كايا (Ceval Kaya) تەرىپىدىن ئىشلىنىپ تۈركىيەدە نەشر قىلىنغانىدى، تېخى يېقىندىلا كۆزدىن كەچۈرۈلگەن يېڭى نەشرى چىقتى. ھەر قايسى جىلد ۋە بۆلۈملىرى ئۈستىدە نۇقتىلىق تەتقىقاتلارمۇ يەنە تۈركىيەدە كەينى كەينىدىن نەشر قىلىندى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

KAYA, Ceval (1994), *Uygurca Altun Yaruk. (Giriş, Metin, Dizin)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

AYAZLI, Özlem (2012), *Altun Yaruk Sudur VI. Kitap ( Karşılaştırmalı Metin Yayını)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

ÖLMEZ, Mehmet (1991), *Altun Yaruk III. Kitap ( 5. Bölüm)*, Türk Dilleri Araştırmaları Dizisi 1, Ankara.

ÇETIN, Engin (2020), *Altun Yaruk VII. Kitap (Berlin Bilimler Akademisindeki Metin Parçaları, Karşılaştırmalı Metin, Çeviri, Açıklamalar, Dizin)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

ÇETIN, Engin (2020), *Altun Yaruk VIII. Kitap (Berlin Bilimler Akademisindeki Metin Parçaları, Karşılaştırmalı Metin, Çeviri, Açıklamalar, Dizin)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

GULCALI, Zemire (2013), *Eski Uygurca Altun Yaruk Sudur'dan "Aç Bars" Hikâyesi*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara. [Yeniden bs.: TDK Yay., Ankara 2015.]

GULCALI, Zemire (2021), *Altun Yaruk X. Kitap (Metin-Çince Metinle Karşılaştırmalı Açıklamalar-Sözlük)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

TOKYÜREK, Hacer (2018), *Altun Yaruk Sudur IV. Tegzinç (Karşılaştırmalı Metin Yayını)*, Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

UÇAR, ERDEM (2013), *Uygurca Altun Yaruk Sudur IX. Tegzinç (Diplomatik Neşir Usûlüyle Yayını, Tercüme, Açıklamalar ve Dizin)*, Dinizor Kitabevi Yayınları, Izmir.

«ئالتۇن يارۇق سۇدۇر»نىڭ گېرمانىيەدە (Berlin-Brandenburgischen Akademie, Turfansammlung=BBAW) ساقلىنىۋاتقان مەتىن پارچىلىرى ئەخلەرس (Gerhard EHLERS) ۋە راشمان (Simone-Christiane RASCHMANN) تەرىپىدىن رەتلىنىپ كاتالوگ شەكلىدە نەشر قىلىنغانىدى، يەنە يېقىندىن رەتلىنىپ ئالتۇن يارۇق سۇدۇرغا ئائىت ئىكەنلىكى بايقالغان مەتىن پارچىلىرى ئېلېكترونلۇق كاتالوگ پروجەكتىدە* ھېلىھەم داۋاملىق ئېلان قىلىنماقتا. بۇ كاتالوگلار تۆۋەندىكىچە:

EHLERS, Gerhard (1987), *Alttürkische Handschriften. Teil 2. Das Goldglanzsūtra und der buddhistische Legendenzyklus Daśākarmapathāvadānamālā*, Depositum der Preußischen Akademie der Wissenschaften (Staatsbibliothek Preußischer Kulturbesitz, Berlin), Stuttgart (VOHD XIII, 10).

RASCHMANN, Simone-Christiane (2000), *Alttürkische Handschriften Teil 5, Berliner Fragmente des Goldglanz-Sūtras Teil 1: Vorworte und erstes bis drittes Buch, Band XIII, 13*, Stuttgart.

___(2002), *Alttürkische Handschriften Teil 6, Berliner Fragmente des Goldglanz-Sūtras. Teil 2: Vorworte und fünftes Buch, Band XIII, 14*, Stuttgart.

___ (2005), *Alttürkische Handschriften. Teil 7. Berliner Fragmente des Goldglanz-Sūtras. Teil 3: Sechstes bis zehntes Buch Kolophone, Kommentare und Versifizierungen. Gesamtkonkordanzen*, Beschrieden von Simone Christiane Raschmann (VOHD XIII, 15), Stuttgart.

https://orient-mss.kohd.adw-goe.de/content/

http://turfan.bbaw.de/dta/

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ماھايانا

*Katalogisierung der Orientalischen Handschriften in Deutschland = KOHD

مەزھەبىگە ئائىت سۇترالاردىن «كۇۋانشى ئىم پۇسار (Kuanši Im Pusar)» يەنى «ئاۋاز ئاڭلايدىغان بۇددا» ئەسلىدە خەنزۇچە «ئىپسىل دىنىنىڭ نىلۇپەر گۈلى كىتابى (妙法莲华经)» سۇتراسىنىڭ 25 -بۆلۈمىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىسىدۇر. خەنزۇچىسىدىكى 25 -بۆلۈم ئەمەلىيەتتە سانسىرت تىلىدىكى ئارگىنال سۇترانىڭ (Saddharmapuṇḍarīka Sūtra) 24 -بۆلۈمىگە توغرا كېلىدۇ (Elverskog, 1997: 59). بۇ ئەسەرنىڭ سانتسپېتېربۇرگدا (St. Petersburg) ساقلىنىۋاتقان ئەڭ تولۇق نۇسخىسى ئۈستىدە تۇنجى بولۇپ رادلوف (Radloff, 1911) ئىشلىگەن؛ مەتىنىنىڭ يارغۇل، تۇرپان، دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان، ھازىر گېرمانىيەدە بېرلىن (Berlin) ۋە مايىنىز (Mainz) ساقلىنىۋاتقان بەزى پارچىلىرىنى تۇنجى بولۇپ مۈللەر (Müller, 1910) نەشر قىلغان؛ بۇ مەتىن ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان مۇھىم ئەتراپلىق تەتقىقاتلاردىن بىرى شىناسى تېكىن (Şinasi Tekin, 1960) تەرىپىدىن ئىشلەنگەن؛ بۇ ئەسەر ئۈستىدە تۈركىيەدە ئەڭ يېڭى تەتقىقات جەيدا ئۆزجانغا (Ceyda Özcan, 2020) ئائىت. تىلغا ئېلىنىپ ئۆتكەن كىتابلار تۆۋەندىكىچە (تەپسىلىي ئۇچۇر ئۈچۈن قاراڭ: Elverskog 1977, 59-62):

Müller, F.W.K. (1910), *Uigurica II.* APAW Nr. 3: 14-20.

Radloff, W. (1911), *Kuan-ši-im Pusar. Eine türkische Übersetzung des XXV. Kapitels der chinesischen Ausgabe des Saddharma-puṇḍarīka.* Bibliotheca Buddhica 14. St. Petersburg.

Tekin, Şinasi (1960), *Uygurca Metinler I. Kuanši im pusar (Ses İşiten İlâh). Vap ḥua ki atlığ nom çeçeki sudur (Saddharmapuṇḍarīka-sūtra)."* Erzurum: Atatürk Üniversitesi Yaynları. Araştırmalar Serisi. Edebiyat ve Filoloji, 2.

Devrez, Ceyda Özcan (2020), *Eski Uygurca Kuanşi İm Pusar İncelemesi,* Türk Dil Kurumu Yayınları, Ankara.

## ماھايانا مەزھەبى سىرتىدىكى سۇترالار:

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇددا دىنىنىڭ ھىنايانا مەزھىپىگە ئائىت ئەسەرلەر ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ، بۇلارنىڭ بىرى سانسكرىتچە «Catuṣpariṣat Sūtra»دىكى ئىككى سودىگەر ھېكايىسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى: دىشاستۋۇستىك (Dišastvustik) ئىسىملىك مەتىندۇر. بۇ ھېكايە ئەسلىدە «Vinayapiṭaka»نىڭ بىر پارچىسى بولسىمۇ لېكىن باشقا ۋىنايانالاردىمۇ ئۇچرايدۇ (Elverskog, 1997: 26). بۇ ئەسەرگە ئائىت سانتسپېتېربۇرگ (St. Petersburg, Institut Vostokovedenija) ۋە بېرلىندا (Turfansammlung, BBAW) ساقلىنىۋاتقان مەتىن پارچىلىرىنى دەسلەپتە رادلوف ۋە گابايىن نەشر قىلغان. بۇ ئەسەر ئابدۇرېشىت ياقۇپ تەرىپىدىن 2006 -يىلى قايتا نەشر قىلىنغان، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

Gabain, Annemarie von (1954), *Türkische Turfantexte VIII, Texte in Brāhmischrift.* ADAW Nr. 7: Text G, pp. 50-51.

RadlotT, W. and Baron A. von Staël-Holstein (1910), *Tišastvustik. Ein in türkischer Sprache bearbeitetes buddhistisches Sūtra.* Bibliotheca Buddhica 12. St. Petersburg.

Yakup, Abdurishid (2006), *Dišastvustik, Eine altuigurische Bearbeitung einer Legende aus dem Catuṣpariṣat-sūtra.* Harrassowitz Verlag. Wiesbaden.

ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت بولمىغان سۇترالار ھەققىدىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog, 1997: 17-29).

ئويدۇرما \ ساختا سۇترالار: قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئارىسىدا، ئەسلىدە سۇترا بولماستىن، خەنزۇچە تېكىستلەردىن تەرجىمە قىلىنىپ سۇترا مەتىنلىرى ئارىسىغا قوشۇۋېلىنغان بەزى ساختا سۇترالارمۇ بار. بۇلاردىن بىرى «سەكىز يۈگمەك سۇدۇر (sekiz yüg-mek sūtra)»دۇر. بۇ ئەسەر خەنزۇچە «佛说天地八揚神咒经»دىن تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، قاھار بارات تۇرپاندىن تېپىلغان بىر مەتىن پارچىسىدىكى بەزى ئۇچۇرلارغا قاراپ، بۇ ئەسەرنى خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغان كىشىنىڭ شىڭقو شەلى تۇتۇڭ ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان (Barat, 1990). «سەككىز يۈگمەك سۇدۇر» ئۈستىدىكى تۇنجى تەتقىقاتنى رادلوف «Institut Vostokovedenija (St. Petersburg)» دىكى بىر مەتىن پارچىسىنى نەشر قىلىش بىلەن باشلىغان (Radloff, 1911)؛ «Türkische Turfantexte» ژۇرنىلىنىڭ 6 -سانى مەخسۇس مۇشۇ ئەسەرنى تېما قىلغان (Gabain-Rachmati, 1934)؛ ئەسەرنىڭ ئەڭ ھەجىملىك نۇسخىسى بولغان لوندون يازمىسىنى بولسا خامىلتون (Hamilton, 1986) نەشر قىلغان. ئەسەرنىڭ ئىسمىدىكى «يۈكمەك» ئوقۇلۇپ كېلىۋاتقان سۆزنىڭ توغرا ئوقۇلىشىنىڭ «يۈگمەك» ئىكەنلىكىنى تۇنجى بولۇپ تالات تېكىن ئوتتۇرىغا قويغان (Tekin, 1993). «سەككىز يۈگمەك سۇدۇر» ئۈستىدە كۆپلەپ ئىزدىنىشلەرنى قىلغان يۇتەن ئودا 2010 -يىلى ياپون تىلىدا نەشر قىلغان كىتابىنى 2015 -يىلى ئىنگلىزچە تەييارلاپ نەشر قىلغان. ئەسەر توغرىسىدا تەپسىلىي ئۇچۇر ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog, 1997: 95-100). تىلغا ئېلىنغان تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

Radloff, W. "Altuigurische Sprachproben aus Turfan." *Nachrichten über die von der kaiserliche. Akademie der Wissenschaften zu St.*

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

*Petersburg im Jahre 1898 ausgerüstetee Expedition nach Turfan.* vol. 1 (1899): 68-75.

Hamilton, James (1986), *Manuscrits Ouigours du IX-X siecle de Touen-Houang. vol. II. Paris:* Peeters. Facsimiles: 20 plates pp. 331-350.

Bang, W., A. von Gabain, and G.R. Rachmati (1934), TT VI. *Das buddhistische Sūtra Säkiz yükmäk.* SPAW (1934): 93-192, 1 plate (B36)

Barat, Kahar (1990), "Singqo Šäli Tutung, traducteur du *Säkiz yükmäk yaruq nom?*" JA 278 (1990): 155-166. Facsimile: 1 plate p. 157.

Tekin, Talat (1993), "On the Uigur Term yügmäk", UAJB, NF, c.12, 1993:265-268.

ODA, Juten (2010), 仏説天地八陽神呪経一巻 A study of the Buddhist Sūtra Called Säkiz yükmäk yaruq or säkiz törlügin yarumïş in Old Turkic. 1.Text Volume; 2. Faksimile Volume. Kyōto.

___ (2015), A Study of the Buddhist Sūtra Called Säkiz Yükmäk Yaruq or Säkiz Törlügin Yarumış Yaltrımışin Old Turkic. (BTXXXIII). Brepols-Turnhout.

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئويدۇرما سۇترالاردىن يەنە خەنزۇچە ئارگىنالى 40 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان «慈悲道场忏法»نىڭ 25 -بۆلۈمىدىن 37 - بۆلۈمىگىچە بولغان قىسمىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «Kšanti qılġuluq nom bitig» دېگەن ئەسەر (توۋا-ئىستىغپار مەتىنلىرى بۆلۈمىگە قاراڭ)؛ خەزۇچە ئورىگىنالى تېپىلمىغان «Abitaki Sū-tra»؛ بۇددىزمغا ئائىت ياكى ئەمەسلىكى شۈبھىلىك بولغان خەنزۇچە «佛说北斗七星延命经» دېگەن كىتابتىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «Yétiken Su-dur» دېگەن ئەسەرلەرنى مىسال كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

سانسىرتچە ئارگىنال بىر سۇتراغا ئائىت ياكى ئەمەسلىكى ئېنىق بولمىغان، ئەسلىدە بۇددا دىنىغا خاس ياكى ئەمەسلىكى نامەلۇم بولغان بەزى خەزۇچە كىتابلاردىن ئۇيغۇرچىغا ئەركىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ خىلدىكى ساختا سۇترالار ۋە تەپسىلاتى ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog, 1997: 86-104)

## (3) ئابىدارما مەتىنلىرى

مەسىلىلەرنى بۇددا دىنى ئەقىدىلىرىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋي تىل بىلەن ئىزاھلايدىغان ئابىدارمالارنىڭ مېتافىزىكىلىقى كۈچلۈك، تىلى ئېغىر بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بۇ خىلدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىلىرىنىڭمۇ تىلى نىسبەتەن مۇرەككەپ بولىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇيغۇرچە ئابىدارمالاردا ئەينى زاماندىكى تۈرك-ئۇيغۇر تىلىنىڭ پەلسەپىۋىلىك دەرىجىسىنىڭ ۋە ئىپادىلەش كۈچىنىڭ نە قەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلار ئىچىدە ئابىدارماپىتاكا(Abhidharmapiṭaka)غا ئائىت بىرەر قولىيازما مەتىن تېخى تېپىلغىنى يوق. پەقەت كېيىنكى چاغلاردا خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بىر نەچچە ئابىدارما تەپسىرىلا بار (Elverskog, 1997: 32). مەسىلەن: ئابىدارماكوشاشاسترا (Abhidharmakośaśās-tra) ئىسىملىك ئابىدارما ئۈچۈن يېزىلغان بىر تەپسىرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى كىتاب مەۋجۇت (Ölmez, 2017: 210, 214). خەزۇچىدىن تەرجىمە قىلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ سانسىكرىتچە ئورىگىنالى يوقاپ كەتكەن بولۇپ خەنزۇچە تېكىستىنىمۇ پەقەت ئۈچ بەتلا ساقلىنىپ قالغان (Ölmez, 2017: 213-214). بۇ ئۇيغۇرچە ئابىدارما تەپسىرى ياپونىيەلىك تۈركولوگ شوگايتو تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بۇ تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

SHŌGAITO, Masahiro (1991-1993), *Kodai uigurubun Abidatsumakusharonjitsugisho no kenkyū. I / Studies in the Uighur Version of the Abhidharmakośabhāsya-tīkā Tattvārthā.* Volume I. *Text, Translation, Commentary and Glossary,* Shokado, Kyōto (Japan) 1991; Volume II: *Text, Translation, Commentary and Glossary,* Shokado, Kyōto (Japan) 1993; Volume III: *Facsimie Text with Introduction,* Shokado, Kyōto (Japan) 1993.

___ (2008), *Uigurubun Abidaruma ronshu no bunkengakuteki kenkyū. / Uighur Abhidharma texts:* A Philological Study, Kyōto 2008.

## (4) ۋىنايالار (پەلسەپىۋي مەتىنلەر)

ۋىنايالارنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى راھىب ۋە راھىبەلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا دائىر قائىدە تۈزۈملەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئارىسىدا ۋىنايا كىتابلىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان تولۇق بىر مەتىن تېپىلمىغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ۋىنايانا تۈرىگە كىرىدىغان مەتىن يوق دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە «ئىنسادى سۇترا (Insadi Sūtra)» مەتىنىنىڭ مەزمۇنى ۋىنايا كىتابلىرى بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى راھىبلارنىڭ يامغۇر پەسلىدە قىلىدىغان ئىشلىرى ۋە مۇراسىملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، سەممە تەزجان تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى يەنە بىر مۇھىم تەتقىقات شارلىپ (W. Scharlipp) تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. يەنە

سېيمە (P. Zieme) تۇرپان كوللېكسىيونىدىكى (Turfansammlung) ئىككى دانە مەتىن پارچىسىنىڭ «ئىنسادى سۇترا (Insadi Sūtra)»دىكى مەتىن بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

Tezcan, Semih (1974), *Das Uigurische Insadi-Sūtra.* BTT III. Berlin: Akademie Verlag, Facsimiles: plates I-LXIX.

Scharlipp, Wolfgang (1980), "Kurzer Überblick über die buddhistische Literatur der Türken". Materialia Turcica, c.6, 1980: 37-53.

Zieme, Peter (1988), *"Das Pravāraṇā Sūtra in alttürkischer Überlieferung."* In: *Barg-i sabz. A Green Leaf.* Papers in Honour of Professor JES P. ASMUSSEN. Leiden, 445-453. (Hommages et Opera Minora. 12.)

بۇنىڭدىن سىرت يەنە دىتەر مائۇۋ (Dieter Maue)، «بىراخمى ۋە تىبەت ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان ئۇيغۇرچە يازمىلار كاتالوگى (Maue, 1996: VOHD 13,10)» دېگەن ئەسىرىدە ۋىنايا تۈرىدىكى مەتىن پارچىلىرىنىڭمۇ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ مەتىن پارچىلىرىنى ئەلۋەرسكوگمۇ (Johan Elverskog) كىتابىدا ۋىنايا تۈرىدىكى ئەسەرلەر قاتارىدا تونۇشتۇرغان (Elverskog, 1997: 29-32).

## (5) تۇۋا ـ ئىستىغپار مەتىنلىرى

بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئارىسىدا تۇۋا قىلىش ئارقىلىق گۇناھلاردىن ساقىت بولۇش مەزمۇنىدىكى مەتىنلەرمۇ بار. بۇ مەتىنلەردە بىرىنىڭ پەقەت ھازىرقى ھاياتىدا قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى ئۆتمۈشتە سادىر قىلغان ياكى كەلگۈسىدە سادىر قىلىشى مۇمكىن بولغان گۇناھلىرى ئۈچۈنمۇ تۇۋا قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. تۇۋا قىلغان كىشى پەقەت ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈنمۇ مەغپىرەت تىلەيدۇ. ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇۋا-ئىستىغپار تېكىستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى قىسقا مەتىنلەردۇر. تۇۋا-ئىستىغپارغا دائىر بۇ مەتىنلەردە ئۇلارنىڭ «Kšanti qıl-maq (atlıg) nom bitig» ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان بولۇپ، بۇلارنىڭ باشقا تىللاردىنمۇ ھېچقانداق ۋارىيانتى يوق. ناتتىر (Nattier) بۇ ئەسەرنىڭ مانىستى ئەسەر «Huastuanift»تىن ئىلھام ئېلىپ يېزىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان (Elverskog, 1997: 136). بۇلارغا دائىر دەسلەپكى تەتقىقاتلار مۇللەر (Uigurika II)، ۋە باڭ-گاباين (TT IV) تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

Müller, F.W.K. (1912), *Uigurica* 11. APAW Nr. 3: 76-89. Nrs. 7 and 8.

Bang, Willi and Annemarie von Gabain (1930), *TT IV Ein neues uigurisches Sündenbekenntnis.* SPAW 24: 432-450.

خەنزۇچە ئارگىنالى 40 بۆلۈمدىن تەركىب تاپقان «慈悲道场忏法» نىڭ 25 - بۆلۈمىدىن 37 - بۆلۈمىگىچە بولغان قىسىملىرىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپنە مۇراسىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك «Kšanti qılġuluq nom bitig» مەتنىنى رۆھربورن (K. Röhrborn) تەرىپىدىن «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى » ژۇرنىلىنىڭ ئىككىنچى سانىدا نەشر قىلىنغان. بۇ ئەسەر ئۈستىدە ۋارنكە (Warnke)، سېيمە (Zieme) ۋە شوگايتو (Shogaito) قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم تەتقىقاتلىرى بار. ۋىلكەنسنىڭ (Wilkens) بۇ ئەسەرگە ئائىت بېرلىندىكى پۈتۈن مەتىن پارچىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابى بۇ ئەسەر ئۈستىكى ئەڭ يېڭى ۋە ئەتراپلىق تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ . بۇلار تۆۋەندىكىچە:

Röhrborn, Klaus (1971), *Eine uigurische Totenmesse. Berliner Turfantexte* II (BT II), Berlin.

Warnke, Ingrid (1983), "Fragments des 25. Und 26. *Kapitels des Kšanti qılġuluq nom bitig*", AoF 10 (1983): 243-268.

Zeme, Peter (1969), *"Ein uigurischen Sündenbekenntnis*", AOH 22 (1969): 107-121.

Shogaito, Masahiro (1981), "Ein uigurisches Fragment eines Beichttextes", *Scholia, Beiträge zur Turkologie und Zentralasienkunde,* Wiesbaden: 163-169.

Wilkens, Jens (2007), *Das Buch von der Sündeltilgung. Edition des alttürkisch-buddhistischen Kšanti Kılguluk Nom Bitig*, Teile 1, Vorwort, Einleitung, Edition ( BT XXV 1); Teil 2, Glossar, Transliterationen, Tafeln (BT XXV 2), Brepols-Turnhout.

## (6)تانتىرىك \ تىبەت بۇددىزىمىغا ئائىت مەتىنلەر

تانترا ئىسىملىك بىر كىشى ئىجاد قىلغان تانتىرىزم ئەسلىدە ھىندى دىنىدىكى بىر دىنىي ئېقىم بولۇپ، ئىنسانلارنى ناچار ئادەتلىرىدىن خالىي قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئامال-چارىلىرىنى ئۆگىتىدۇ (مەسىلەن: بىر ئايالنىڭ تۇغۇتۇنىڭ ئاسان بولۇشى ۋە ياكى بىرەر كېسەللىكتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يېزىلغان تۇمار). ئۇيغۇرلار تىبەت بۇددىزىمى ئارقىلىق بۇ ئېقىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تىبەت بۇددىزىمىغا ئائىت ئەسەرلەردىن تەرجىمە قىلىنغان تانترا مەتىنلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل مەتىنلەردىن بىرى كارا (G. Kara) ۋە سېيمە (P. Zieme) تەرىپىدىن «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» ژۇرنىلىنىڭ يەتتىنچى سانىدا نەشر

ئۇيغۇر كىتاب www.uyghurkitap.com

قىلىنغان. بىرى كارا (G. Kara) ۋە سىيمە (P. Zieme) بۇ ژۇرنالنىڭ 8-سانىدا يەنە ئىككى تانترىك مەتىن نەشر قىلغان بولۇپ بۇلارنىڭ بىرىنچىسى موڭغۇللارنىڭ بۇددىزم بىلەن تۇنجى تونۇشۇشىنى تېما قىلغان «گۇرۇيوگا (Guruyoga)» مەتنى؛ ئىككىنچىسى بولسا «مانجۇشرى بودساتۋاغا مەدھىيە» دۇر. يەنە مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 23-سانىدا سىيمە (P. Zieme) بۇددىست ئۇيغۇرلاردىن قالغان تانترىك\سېھىر مەتىنلىرىنى توپلاپ نەشر قىلغان. بۇ تەتقىقاتلار تۆۋەندىكىچە:

KARA, Georg - Peter Zieme (1976), *Fragmente tantrischer Werke in uigurischer bersetzung,* (BT VII), Berlin.

___ (1977), *Die uigurischen Übersetzungen des Guruyogas „Tiefer Weg“ von Sa-skya Paṇḍita und der Mañjuśrīnāmasaṃgīti,* (BT VIII), Berlin.

Zeme, Peter (2005), *Magische Texte des uigurischen Buddhismus,* Mit 208 Abbildungen und 97 Tafeln (BT XXIII), Turnhout.

تىبەت بۇددىزىمىغا ئائىت يەنە بىر مۇھىم تانترىك ئەسەر: تىبەتلىك مەشھۇر يوگى ناروپانىڭ (Naropa) ئەقىدىلىرىنى ئاساس قىلغان «ئۆلۈكلەر كىتابى»دۇر. ئىچىدە 4 كىتاب بولغان بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى دەسلەپكى مۇھىم تەتقىقات كارا (G. Kara) ۋە سىيمە (P. Zieme) گە ئائىت:

Zieme, Peter and Georg Kara (1979), *Ein uigurisches Totenbuch. Naropas Lehre in uigurischer Übersetzung.* Budapest: Akadémiai Kiadó, Facsimiles: pp.283-347.

ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئىچىدىكى تانترىك مەتىنلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog, 1997: 105-125).

## (7) باشقا بۇددىست مەتىنلەر

بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇقىرىدىكى كاتېگورىيەلەرگە كىرمەيدىغان باشقا ئەسەرلەرمۇ بار، مەسىلەن ۋاپشى باخشى تەرىپىدىن يېزىلغان پەلسەپىۋى ئەسەر «شىن تۆزىن ئۇقىتداچى نوم (ڭ tözin uqıt-daçı nom)» ، توخار تىلىدىكى نۇسخىسىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «مايترى سىمىت نوم بىتىگ (Maitri-simit)» ئاتلىق تىياتىر تۈسىدىكى ئەسەر. ئەلۋەرسكوگ بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان كىتابىدا بۇ ئەسەرلەرنى باشقا بىرقانچە ئەسەر (مەسىلەن: بۇددىست ئۇيغۇر شېئىرلىرى، راھىب شۈەن زاڭنىڭ تەرجىمىھالى، ئىنسادى سۇترا، بەزى تۈۋا-ئىستىغپار مەتىنلىرى قاتارلىقلار) بىلەن بىللە «باشقا بۇددىست ئەسەرلەر» كاتېگورىيەسىگە قويغان، تەپسىلاتى ئۈچۈن قاراڭ: (Elverskog, 1997:). لېكىن باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ئەسەرلەر ئوخشىمىغان كاتېگورىيەلەر ئىچىدە ئورۇن ئالغان.

مەھمەت ئۆلمەز كىتابىدا بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى ئارىسىدا يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەتىنلەردىن پەرقلىق باشقا مەتىنلەرنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىپ ئۆتكەن (Ölmez, 2017: 218):

◆ «Suvarṇaprabhāsottamarājasūtra» نىڭ ئىچىدىكى «Caityastotra» مەتنى. بۇ مەتىننى مائۇۋ ۋە رۆھربورن (Maue-Röhrborn) نەشر قىلغان:

Maue, Dieter – Klaus Röhrborn (1979), “Ein Caityastotra aus dem alttürkischen Goldglanz-Sūtra.” ZDMG 129: 282-320.

◆ «Bodhicaryāvatāra»نىڭ تەپسىرىدىن، قالغان 34 قۇر مەتىن. بۇنى راشمان بىلەن سىيمە (Raschmann-Zieme) نەشر قىلغان:

RASCHMANN, Simone-Christiane – Peter Zieme (1985), “Ein Bodhicaryāvatāra-Kommentar in alttürkisher Überlieferung.”, AoF 12, 2: 309-318.

◆ «Vasubandhu»نىڭ «Triṃśikāvijnāptimātratāsi-ddhi» دېگەن ئەسىرىگە يېزىلغان تەپسىردىن قالغان 123 قۇر مەتىن. بۇنى شارلىپ (Scharlipp) نەشر قىلغان:

Scharlipp, Wolfgang (1988), “Fragmente eines uigurischen Kommentars zur Triṃśikāvijnāptimātratā-siddhi des Vasubandhu”, UAJb NF 6: 122-136.

◆ «Kṣamayati» ۋە «Sitātapatra-dhāraṇī»گە دائىر بەش مەتىن. بۇ مەتىنلەرنى شوگايتو (Shōgaito) نەشر قىلغان:

Shōgaito, Masahiro (1979), “A Study of the Fragments of Uigur Text Found in the Fusetsu Nakamura Collection”, The Toyo Gakuho 61, 1-2: V-VI, Taf. I-IV, 01-029.

◆ « Tārā-Ekaviṃśatistotra»غا ئائىت قىسقا بىر مەتىن. بۇنى سىيمە (P. Zieme) نەشر قىلغان:

Zieme, Peter (1983), “Zum uigurisches Tārā-Ekaviṃśatistotra”, AOH 36, 1-3: 583-597.

◆ 40 قۇرلۇق «Vinaya-viniścaya-upāli-paripṛcchā» مەتنى، بۇنى هازاي (G. Hazai) نەشر قىلغان:

Hazai, Georg (1976), “Ein uigurisches Blockdruckfragment der Berliner Turfan Sammlung”, AoF 4: 231-234.

## 3. نستورىيان دىنىغا ئائىت مەتىنلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ئارىسىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنى مۇخلىسلىرىدىن باشقا، ئاز بولسىمۇ خرىستىيان دىنىنىڭ نېستورىيان مەزھىپىگە ئىشىنىدىغانلار بار ئىدى. خرىستىيان ئۇيغۇرلارغا ئائىت ئەسەرلەرنىڭ سانى بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىغا ئائىت ئەسەرلەرگە قارىغاندا ناھايىتىمۇ ئاز بولۇپ، بۇ مەتىنلەرنىڭ مەزمۇنى خرىستىيان ھەزرەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسقا ھېكايىلەر ۋە ياكى ئىنجىلدىن تەرجىمە قىلىنغان پارچىلاردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەيسانىڭ بالىلىقى، ئۇنىڭ ئۈچ رەممال بىلەن ئۇچرىشىشى مەزمۇنىدىكى مەتىن بىر نەچچە قېتىم نەشر قىلىنغان.

نېستورىيانلىققا ئائىت ئاز ساندىكى بۇ مەتىنلەرنى دەسلەپتە لېكوك (Le Coq) ۋە مۈللەر (Müller) قاتارلىقلار تەتقىق قىلىپ نەشر قىلغان. يەتتە سۇ رايونىدىن (ئىلى رايونىدىن) تېپىلغان 13 ۋە 14 -ئەسىرلەردىن قالغان خرىستىيان تۈرك-ئۇيغۇرلارغا ئائىت بىر قىسىم قەبرە تاشلىرىمۇ بار بولۇپ، بۇلارنى نيۇ رۇ جى نەشر قىلغان. نېستورى (سۈريانى) ئېلىپبەلىك مەتىن ۋە بەلگىلەرنىڭ توپلىمى 2015 -يىلى سىيمە (P. Zieme) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان:

牛汝极 Niu Ruji (2008), 十字莲花 Shizi lianhua. 中国元代叙利亚文景教碑铭研究 Zhongguo yuandai xuliyawen wenjingjiao beiming yanjiu [*The Cross-lotus. A study on Nestorian Inscriptions and Documents from Yuan Dynasty in China*]. Shanghai, 2008, 317p.

Zieme, Peter (2015), Altuigurische Texte der Kirche des Ostens aus Zentralasien, Gorgias press, Piscataway.

## 4. دىنىدىن خالىي مەتىنلەر

ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ ئىچىدە بۇددىزم، مانىزم ۋە خرىستىيانلىققا ئائىت بولمىغان، يەنى دىن بىلەن ئالاقىسى يوق، كۈندىلىك تۇرمۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان؛ سودا-سېتىق، تىجارەت، تېبابەت، ئاسترونومىيە، شېئىر-قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەر قاتارلىق مەزمۇنلاردا يېزىلغان تۈرلۈك ۋەسىقە-ھۆججەتلەر ۋە خەت-چەكلەرمۇ مەۋجۇت. بۇ خىل يازمىلاردىكى تىل دىنىي ئەسەرلەردىكى تىلدەك ئەدەبىي بولماستىن، خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىن بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەر رادلوفتىن (W. Radloff) باشلاپ كۈنىمىزگىچە يامادا (N. Yamada)، ماتسۇي (D. Matsui)، سىيمە (P. Zieme)، ئۆزيەتگىن (Melek Özyetgin) قاتارلىقلارنىڭ باشچىلىقىدا كۆپلىگەن تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ كەلدى. بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان ۋەسىقىلەرگە ئائىت مەتىن پارچىلىرىنىڭ رەتلەنگەن كاتالوگى راشمان (S. Ch. Raschmann) تەرىپىدىن ئۈچ جىلد كىتاب شەكلىدە نەشر قىلىندى (VOHD13,21; VOHD13,22, VOHD 13, 28)، بۇ كاتالوگلار تۆۋەندىكىچە:

VOHD13,21 = Simone - Christiane Raschmann (ed.): *Alttürkische Handschriften. Teil13: Dokumente Teil 1.* Stuttgart, 2007.

VOHD13,22 = Simone-Christiane Raschmann (ed.): *Alttürkische Handschriften. Teil 14: Dokumente Teil 2.* Stuttgart, 2009.

VOHD13,28 = Simone-Christiane Raschmann-Osman Fikri Sertkaya: *Alttürkische Handschriften. Teil20. Alttürkische Texte aus der Beriiner Turfansammlung im Nachlass Reşid Rahmeti Arat.* Stuttgart, 2016.

دىنىدىن خالىي مەتىنلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە ئايرىپ يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

(1) **ۋەسىقىلەر** (ئىجتىمائىي ئىقتىساد ھۆججەتلىرى): بۇنىڭ ئىچىدە ئېلىم-سېتىم، ئالماشتۇرۇش، ئىجارىگە ئېلىش، قەرز ئېلىش، بالا بېقىۋېلىش، ئادەم گۆرۈگە قويۇش، كېپىل بولۇش، قۇللارغا ھۆرلۈك بېرىش، ۋەسىيەتنامە ياكى مىراس بۆلۈش قاتارلىق ئىشلاردا تۈزۈلىدىغان توختامنامە ھۆججەتلىرى بار. بۇ تۈردىكى ۋەسىقىلەر ئۈستىدىكى مۇھىم تەتقىقاتلاردىن بىرى تۆۋەندىكىچە:

Yamada, Nobuo (1993), *Uigurubun keiyaku burnsho shusei. Sammlung Uigurischer Kontrate.* Ed. Juten Oda, Peter Zieme, Hiroshi Umemura, Takao Moriyasu, Band 1-3, Osaka.

(2) **خەت-چەكلەر (مەكتۇپلار)**: بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇرۇق-تۇغقان ياكى باشقا مۇناسىۋەتتىكى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە يېزىشقان خەتلىرى بولسا، بەزىلىرى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ياكى خادىملىرىنىڭ رەسمىي خەتلىرىدۇر. بۇ تۈردىكى مەتىنلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار ئارىسىدا خامىلتوننىڭ كىتابىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت «بېرلىن تۇرپان تېكىستلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 43 -سانىدا مارتون ۋېر (M. Vér) نىڭ موڭغۇل ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى پوچتا سىستېمىسىغا ئالاقىدار قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازمىلار توغرىسىدىكى تەتقىقاتى نەشر قىلىندى؛ يەنە مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 46 - سانىدا بولسا موريياسۇنىڭ (T. Moriyasu) ئۇيغۇر خەت-چەكلىرى توغرىسىدىكى تەتقىقاتى نەشر قىلىندى، بۇلار تۆۋەندىكىچە:

Hamilton, James Russel (1986), *Manuscrits ouïgours du IX-X siècle de Touen houang 1-2,* Paris: Peeters.

Vér, Márton (2019), *Old Uyghur Documents Concerning the Postal System of the Mongol Empire.* Berliner Turfantexte XLIII (BT 43), Brepols.

Moriyasu, Takao (2019), *Corpus of the Old Uighur Letters from the Eastern Silk Road.* Berliner Turfantexte XLVI (BT 46), Brepols.

**(3) تېبابەتكە دائىر مەتىنلەر:** كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۇسۇللىرى، داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان دورىلار ۋە بۇ دورىلارنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلار بايان قىلىنغان بۇ مەتىنلەردە ھىند تېبابىتىنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئارات (R. R. Arat) بۇ مەتىنلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئىشلەپ ئىككى كىتاب شەكلىدە نەشر قىلغان؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تەتقىقاتلار ئارىسىدا سەرتقايا (O. F. Sertkaya) نىڭ تەتقىقاتىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

Arat, Reşit Rahmeti (1930), Zur Heilkunde der Uiguren I, Berlin: Verlag der Akademie der Wissenschaften.

___ (1932), Zur Heilkunde der Uiguren II, Berlin: Verlag der Akademie der Wissenschaften.

Sertkaya, Osman Fikri (1997), “Uygur Tıp Metinlerine Toplu Bir Bakış”, Uluslararası Osmanlı Öncesi Türk Kültürü Kongresi Bildirileri, Ankara, Atatürk Kültür Merkezi Yayınları.

**(4) ئاسترونومىيە مەتىنلىرى:** بۇ خىل مەتىنلەر ئاسترونومىيە، كالېندار ۋە يۇلتۇز پالى ھەققىدە يېزىلغان بولۇپ، قۇتلۇق كۈنلەرنىڭ بەلگىلىنىشىدە كۆپرەك ئىشقا يارىغان. ئاسترونومىيەگە مۇناسىۋەتلىك مەتىنلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئارات ۋە ئەبەرھارد (Rachmati-Eberhard) نەشر قىلغان (بۇ مەتىنلەرنىڭ ئىچىدە ماقال-تەمسىللەرمۇ بار):

Arat, Reşit Rahmati (Gabdul Raschid Rachmati)-Wolfram Eberhard (1936), Türkische Turfan-Texte VII (TT 7), Berlin: Verlag der Akademie der Wissenschaften.

ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى بىلەن خاراكتېر ئالاھىدىلىكى ئارىسىدىكى باغلىنىشنى تېما قىلغان مەتىنلەردىن تاللىنىپ تەييارلانغان بىر كىتاب سىيمە (P. Zieme) تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان (بۇ ئەسەر تانترىك مەتىنلەر كاتېگورىيەسىگىمۇ كىرىدۇ):

Zieme, Peter (2005), *Magische Texte des uigurischen Buddhismus,* Mit 208 Abbildungen und 97 Tafeln (BT XXIII), Turnhout.

**(5) پال مەتىنلىرى:** ئۇيغۇرلاردىن قالغان ئەڭ ھەجىملىك پال كىتابى ئورخۇن ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان «ئىرق بىتىگ»دۇر. دىن بىلەن ئالاقىسى بولمىسىمۇ تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەرنىڭ مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. ئەسەردىكى تىل ۋە ئىملا ئالاھىدىلىكىمۇ ئورخۇن ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇرلار موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە يېزىپ كېيىن خانلىق يىمىرىلىپ تارىم ھاۋزىسىغا كۆچكەندە بىللە ئېلىپ كەلگەنمۇ ياكى كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن يازغانمۇ، بۇ توغرىسىدا ئوخشىمىغان تالاش تارتىشلار داۋام قىلماقتا. بۇ ئەسەر ئورخۇن ئېلىپبەسى بىلەن پۈتۈلگەچكە بۇ ماقالىدا كۆپ توختالمايمەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىن قالغان پالغا دائىر يەنە باشقا مەتىنلەرمۇ بار. بۇ مەتىنلەر «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى (Türkische Turfan-Texte)» ژۇرنىلىنىڭ 1 - سانىدا نەشر قىلىنغان:

Bang, Willi-A. von. Gabain (1929), *Bruchstücke eines Wahrsagebuches,* Türkische Turfan-Texte I (TT 1), Berlin: Verlag der Akademie der Wissenschaften.

يەنە «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى (Türkische Turfan-Texte)» ژۇرنىلىنىڭ 7 -سانىدا نەشر قىلىنغان مەتىنلەردە بەدەن ئەزالىرىنىڭ قىچىشىشى، كۆز قاپىقى تارتىپ قالماق، مەگىلەرنىڭ ئورنى، چۈشكۈرمەك، چاشقان غاجىلىماق قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن بېشارەت بېرىدىغان بايانلارمۇ بار.

Arat, Reşit Rahmati (Gabdul Raschid Rachmati)-Wolfram Eberhard (1936), *Türkische Turfan-Texte* VII (TT 7), Berlin: Verlag der Akademie der Wissenschaften.

## 5. ئۇيغۇر شېئىرى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەسەرلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى تەرجىمە ئەسەرلەر بولسىمۇ، ئاز ساندىكى ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە شېئىرىي ئەسەرلەر ناھايىتى مۇھىم ئورۇنغا ئىگە. تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىكى شېئىرىي قىسىملارمۇ گەرچە باشقا تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان بىلەن، خۇددى ئىجادىي يېزىلغان شېئىردەكلا جانلىق ۋە قاپىيەلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇ دەۋردىكى يازغۇچى تەرجىمانلارنىڭ باشقا تىللارنى بىلىش بىلەن بىرگە ئۆز تىلىنى نە قەدەر پۇختا بىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ؛ «ئالتۇن يارۇق»تىكى شېئىرى پارچىلار بۇنىڭ يارقىن ئۆرنىكى بولالايدۇ. ئۇيغۇرچە

ئىجادى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ شېئىرى قىسىملار بار، مەسىلەن، «كۆڭۈل تۆزىن ئۇقىتداچى نوم (tözin uqıtdaçı nom)» دېگەن ئەسەردىمۇ شېئىرلار بار ( ئەلۋەرسكوگ بۇ ئەسەرنى ئىجادىي ئەمەس بەلكى تەرجىمە ئەسەر دەپ قارايدۇ: Elverskog 1997: 147 ).

قەدىمكى ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ بەزىلىرى نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە ئۇچرىسا بەزىلىرى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بىر شېئىر سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى بۇددىزم ياكى مانىزم بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلاردا، يەنە بەزىلىرى بولسا دىندىن خالىي تېمىلاردا (ئېلىپبە ھەرپلىرى، ئاشىق، تەبىئەت ۋە باشقىلار) يېزىلغان.

ئۇيغۇر شېئىرى ئۈستىدە دەسلەپكى مۇھىم تەتقىقات ئاراتقا (Arat) ئائىت، بۇ تېمىدا سىيمەنىڭمۇ (P. Zieme) ناھايىتى مۇھىم تەتقىقاتلىرى بار. ئۇيغۇر شېئىرى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ بەزى مۇھىم بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:


Arat, Reşit Rahmeti (1965), *Eski Türk Şiiri*, Türk Tarih Kurumu Yayınları, Ankara.

Şinasi, Tekin (1980), *Buddhistische Uigurica aus der Yüan-Zeit*, Budapeşte.

Tekin, Talat (1986), "İslâm Öncesi Türk Şiiri", Türk Dili 409 (Ocak 1986): 3-42.

Sertkaya, Osman Fikri (1986), "Eski Türk Şiirinin Kaynaklarına Toplu Bir Bakış", Türk Dili 409 (Ocak 1986): 43-80.

Zieme, Peter (1991), *Die Stabreimtexte der uiguren von Turfan und Dunhuang*, Akadémial Kiadó, Budapest.

Doerfer, Gerhard (1996), *Formen der älteren türkischen Lyrik*. Szeged. (studia uraloaltaica. 37.)


## قىسقىچە خۇلاسە


قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا دائىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئوخشىمىغان دۆلەتلەرنىڭ مۇزېي ۋە كۈتۈپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتلار بۇ ئەسەرلەر تېپىلغاندىن بېرى توختىماي داۋام قىلماقتا.

بۇ ماقالىدە ئۇيغۇرچە يازمىلارنىڭ ھەممىسى توغرىسىدا ئايرىم توختالمىدى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى شەكىللەندۈرگەن بۇ ئەسەرلەرنى كاتېگورىيەگە ئايرىپ تۇرۇپ يىغىنچاقلاش مەقسەت قىلىندى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئائىت ئەسەرلەر ئالدى بىلەن ئىككى تۈرگە ئايرىلدى:

1. تەرجىمە ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر

ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ماھىيىتىگە ئاساسەن شۇ تۈرلەرگە ئايرىلدى: (بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددا دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر بىلەن دىندىن خالىي ئەسەرلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن پەرقلىق تۈرلەرگە ئايرىلدى):

1. مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر
2. بۇددا دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان ئەسەرلەر
3. نېستورىيان (خىرىستىيان) دىنىغا ئائىت ئەسەرلەر
4. دىندىن خالىي ئەسەرلەر
5. ئۇيغۇر شېئىرى

بۇلارنىڭ ئىچىدە بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىگەللىگەن سالمىقى ئەڭ چوڭ بولۇپ، بۇددىست ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەر يەنە ئۆز ئىچىدىن شۇ تۈرلەر بويىچە قىسقىچە چۈشەندۈرۈلدى:

1. ھېكايىلەر، قىسسەلەر
2. سۇتۇرالار
   (1) ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت سۇتۇرالار
   (2) ماھايانى مەزھىبى سىرتىدىكى سۇتۇرالار
   (3) ئويدۇرما \ساختا سۇتۇرالار
3. ئابىدارمالار
4. ۋىنايالار
5. تووۋا-ئىستىغپار دۇئالىرى
6. سېھىر، ئەپسۇن مەتىنلىرى (تانتىرىك)
7. باشقا مەتىنلەر

دىندىن خالىي ئەسەرلەر ئۆز ئىچىدىن شۇ تۈرلەرگە ئايرىلدى:

(1) ۋەسىقىلەر (ئىجتىمائىي ئىقتىساد ھۆججەتلىرى)
(2) خەت-چەكلەر
(3) ئاسترونومىيەگە دائىر مەتىنلەر
(4) تېبابەتكە دائىر مەتىنلەر
(5) پال مەتىنلىرى.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ تولۇق ۋە ئەتراپلىق شەكىلدە تۈرلەرگە ئايرىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن مەتىنلەرنىڭ ھەممىسى تولۇق تەتقىق قىلىنىپ نەشر قىلىنىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا ئاخىرقى يەكۈننى چىقارغىلى بولىدۇ. بۈگۈنگىچە تەتقىق قىلىنغان ئەسەرلەرگە قاراپ ھازىرچە مۇشۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

# پايدىلانغان ماتېرىياللار

ADAM, Volker - Jens Peter Laut (2000), Andreas Weiss, Bibliographie alttür-kis cher Studien. Nebst einem Anhang: Alphabetisches Siglenverzeichnis zu Klaus Röhrborn: Uigurisches Wörterbuch, Lieferung 1-6 (1977- 1998), Harrassowitz Wiesbaden.

ELVERSKOG, Johan (1997), Uygur Buddhist Literature. Silk Roud Studies I. Turhout.

LAUT, Jens Peter (2008), "Uygur Türkleri'nde Maniheizm ve Budizm", Türkçe Konuşanlar (editör-ler: Doğan Kuban, Ergun Çağatay), Yapı-Endüstri Merkezi Yayınları, s. 303-309, İstanbul.

MÜLLER, Friedrich Wilhelm Karl: Uigurica I. 1. Die Anbetung der Magier, ein christ-liches Bruchstück. 2. Die Reste des buddhistischen "Goldglanz-Sūtra". Ein voräufi-ger Bericht. Berlin. (AKPAW. Phil.-hist. Cl. 1908:2.) [Reprint in: SEDTF 1, 3-60].

___ (1910), Uigurica II. Berlin. (AKPAW. Phil.-hist. Cl. 1910:3.) [Reprint in: SEDTF 1, 61-168].

___(1920), Uigurica III. Uigurische Avada ¯na-Bruchstüce (I-VIII). Berlin. (APAW. Phil.-hist. Kl.2.) [Reprint in: SEDTF 3, 169-259].

___(1931), Uigurica IV. Hrsg. von ANNEMARIE VON GABAIN. Berlin. (Aus: SPAW. Phil.-hist. Kl. 1931:24, 675-727.) [Reprint in: SEDTF 1, 260-312].

Müller, F.W.K. Herausgegeben von A. von Gabain (1931), Uigurica IV. SPAW 24: 675-727. Facsimiles: Sprachwissenschaftliche Ergebnisse der deutschen Turfan-Forschung. Vol. IV. Gyorgy Hazai and Peter Zieme, Eds. Leipzig: Zentralantiquariat der Deutschen Demokratischen Republik (1983): plates 165-195.

RASCHMANN, Simone-Christiane & Ablet SEMET (2006), "Kommentierte Bibliographie von ausge wählten chinesischen und uigurischen Arbeiten zum Altun Yaruk Sudur", UAJb NF. 20 (2006), s. 233-240.

TEKİN, Şinasi (1965), "Uygur Edebiyatının Meseleleri (Şekiller-vezinler)", Türk Kültürü Araştırmaları, 2:26-67.

UÇAR, Erdem (2013), "Altun Yaruk Sudur Üzerine Yapılan Çalışmalar Hakkında Açıklamalı bir Kaynakça Denemesi", Türük: Uluslararası Dil, Edebiyat ve Halkbilmi Araştırmaları Dergisi, S 1 (2013), s. 227-251.

YANG, Fuxue杨富学, "قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنىڭ 100 يىللىقى نەزەر،"تۇرپانشۇناسلىق" تەتقىقاتى، 2012 - يىل 2 -سان: 142-153.بەتلەر، خەنزۇچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: رەيھانگۈل ئابلىز

ZIEME, Peter (1985), "Einige Bemerkungen zur Profanliteratur der Uiguren (Uygur-ların dindışı edebiyatı üzerine birkaç not)". In: BeşMATK, 277-282 [deutsch], 283-288 [türk.].

ئاندىن تۇغۇلغاندا بىلىمسىز تۇغۇلدۇ،
بىلىم ئۆگىنىپ ئاندىن تۆرگە چىقىدۇ.

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەسىھەتلىرى (1001 ھېكمەت)» ناملىق كىتابدىن ئېلىندى

# ئاغىنەمنىڭ ئاشخانىسى

ئە.ئازات

(ھېكايە)

«كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ،كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ»

__ ئاتىلار سۆزى

كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئادەملەر ئۆزلىرى ئويلاپمۇ باقمىغان قىزىقارلىق ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىدىكەن.

بۈگۈن بىزنىڭ تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا قەدەم قويغان كۈنىمىزدىن بۇيانقى ئەڭ سوغۇق كۈن بولدى. بۇلۇتلار ئاسماننى قاپلىغان بولۇپ،ئۇششاق قارلار ئۇچقۇندايتتى.

ئايالىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ،قايتىپ بارغاندا كېرەكلىك بولغان زۆرۈر سودىلىقلارنى تۈگىتىۋېلىش ۋە ئوغلۇمغا مىللىيلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى كۆرسىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئاكامنىڭ يول باشلىشىدا ئەتىگەندىلا دۆڭ كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇق. بۇ كۈن ھاۋا سوغۇق بولغان بىلەن كوچىغا چىقىپ بازار ئارىلاۋاتقان ئادەملەر خېلىلا كۆپ ئىدى.

بىز قورسىقىمىزنىڭ ئاچقىنىنىمۇ سەزمىگەن ھالدا خېلى جىق دۇكانلارنى ئارىلاپ، بىر قىسىم كېرەكلىك نەرسىلىرىمىزنى سېتىۋالدۇق. بۇ چاغدا ئاكام بىزگە:

—چۈشتىن ئېشىپتۇ، ھەرقاچان پۈتلىرىڭلارمۇ تېلىپ قورسىقىڭلارمۇ ئاچقاندۇ؟، مۇشۇ ئەتراپتا ئاغىنەمنىڭ يېڭىدىن ئاچقان ئاشخانىسى بار، تامىقى كارامەت ئوخشايدۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭمۇ ئۇ ئاغىنەمنى خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا كۆرمىگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قاپتۇ،سىلەرنى بىر مېھمان قىلىۋالغان باھانىدە ئۇ ئاغىنەم بىلەنمۇ دىدار كۆرۈشۈۋالاي—دېدى- دە، بىزنىڭ « بولدى ئۆيگە بېرىپ تاماق يەيلى» دېگىنىمىزگە ئۇنىماي ماشىنىسىنى بىرقانچە كوچىدىن ھەيدەپ ئۆتۈپ، بىر بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان بىر قاتار ئاشخانىلارنىڭ ئالدىغا توختىتىپ، ئاغىنىسىگە تېلېفون قىلىۋېدى لوبەن ئاغىنىسى شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ سىرتتا ئىكەنلىكىنى، تاماقلارنى خالىغانچە بۇيرۇتۇپ يەپ تۇرۇشىمىزنى، ھايال قالمايلا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭ كېتىپ قالماسلىقىمىزنى قايتا-قايتا تاپىلاپ تېلېفوننى ئۈزدى. پەرەز قىلىشىمچە بۇرۇن بۇ ئاشخانىنىڭ ئورنى گىلەمچىلىك دۇكىنى ئىدى.

بىز پاراڭ بىلەن ئوخشاش قىلىپ لايىھەلەنگەن ئاشخانىلارنىڭ بىرىگە كىردۇق. ئاشخانا ئىچى زامانغا لايىق بېزەلگەن بولۇپ، تۈۋرۈكلىرىگە مىللىيچە نەقىشلەر ئويۇلغان ئىكەن. لېكىن بىز كىرگەن چاغ چۈشتىن سەل ئاشقان چاغ بولغاچقىمىكىن خېرىدار شالاڭ بولۇپ ئىككى ئۈستەلدە ئايرىم - ئايرىم ئىككىدىن تۆت كىشى غىزالىنىۋېتىپتۇ. بىز ئاشخانىنىڭ بولۇڭ تەرەپتىكى پەلەمپەي ئارقىلىق ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىپ، دېرىزە تەرەپتىكى تۆت كىشىلىك ئۈستەلگە كېلىپ ئەمدىلا ئولتۇرۇشىمىزغا، بېشىغا گۈل كەشتىلەنگەن قىزىل دوپپا كىيگەن ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، كۆزلىرى قاپقارا ھەم يوغان، 20 ياشلار چامىسىدىكى چىرايلىق كۈتكۈچى قىز تاماق تىزىملىكىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تاماقلارنى تاللاپ بولغاندا چاقىرىشىمىزنى ئېيتىپ كېتىپ قالدى. شۇ مىنۇتتا ئاكام ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا «خىزمەتچىلىرىنى ئالماشتۇرۇپتۇ-دە» دەپ، غۇدۇڭشىغىنىچە تاماق تىزىملىكىگە كۆز يۈگۈرتتى. كەينىدىن، ئاكام «بولدى يەپ بولغىلى بولمايدۇ» دېگىنىمىزگە ئۇنىماي خېلى جىق تاماق بۇيرۇتتى. بېشىدا ئۈستەلگە چىقىۋاتقان تاماقلارغا قاراپ «بۇنچىۋالا تاماقلارنى يەپ بولغىلى بولارمۇ؟» دەپ ئويلىغان ئىدۇق كېيىن تاماقلارنىڭ ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن قورسىقىمىز تويسىمۇ كۆزىمىز تويماي دېگەندەك ھەممىنى يەۋەتتۇق. ماڭا بولۇپمۇ دۈمبە جىگەر كاۋىپى بەك تېتىدى. شۇ كۈنى يېگەن دۈمبە جىگەر كاۋىپى ھېلى ھەم ئاغزىمدا تۇرۇپتۇ. تاماقلار يېيىلىپ،چايلار ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاكام تېخىچە كېلەلمەيۋاتقان ئاغىنىسىگە بىزنىڭ ئالدىرايدىغانلىقىمىزنى، ئاشخانىسىغا قايتىپ كېلەلمىسە ئۆزىنىڭ كېتىۋېرىدىغانلىقىنى دەپ قويۇش ئۈچۈن تېلېفون قىلىۋېدى، ئاغىنىسى خىجىلچىلىق ئىچىدە، كوچىدا ماشىنا ۋەقەسى بولغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قاتناش قىستاڭچىلىقىدا بىر قەدەممۇ ئىلگىرىلىيەلمەي جىلە بولۇپ تۇرغانلىقىنى، ئالدىرىساق كېتىۋېرىشىمىزنى ئەمما تاماق پۇلىنى تۆلىمەسلىكىمىزنى، ئۆزىنىڭمۇ ئاشخانىغا تېلېفون قىلىپ دەپ قويىدىغانلىقىنى، ئەگەردە تاماق پۇلىنى تۆلىسەك قاتتىق رەنجىيدىغانلىقىنى، كېيىنچە بىزگە ئاتاپ مەخسۇس داستىخان سالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاكام ئاغىنىسىنىڭ جاھىل مىجەزىنى بىلگەچكە چايلىرىمىزنى ئىچىپ بولۇپ، كۈتكۈچىگە «ھېساباتنى خوجايىنىڭلار كېلىپ قىلىۋېتىدىغان بولدى» دەپ، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتۇق.

كىم ئويلىسۇن، بىز ئەمدىلا ماشىنىغا چىقىشىمىزغا بايىقى بىزگە تاماق تىزىملىكىنى ئەكېلىپ بەرگەن كۈتكۈچى قىز يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاكامغا بىر گەپنى دېمەكچى بولۇپ دېيەلمەيۋاتقاندەك ھەم تەقەززالىق، ھەم خۇدۇكسىرەشتەك ئالامەت ئىچىدە قاراپ تۇردى.

مەن كۈتكۈچى قىزغا قاراپ ئاشخانىدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

چىقىشىمىزدا بىرەر نەرسىمىزنى ئۇنتۇپ قالغان بولساق ئاچچىقىپ بەرگىلى چىققان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ ئەسنادا ئاكام ئۇ قىزدىن:

—سىڭلىم نېمە بولدى؟ بىرەر نەرسىمىزنى ئۇنتۇپ قاپتۇقما؟— دەپ، بېشىنى بۇراپ ئاشخانا تەرەپكە قاردى-دە، پېشانىسىگە بىر شاپىلاق ئۇرۇپ گەپمۇ قىلماستىن پورتمالىدىن 300 سوم چىقىرىپ قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئاشقىنىنى قايتۇرمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى -دە، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئاشخانا ئالدىدىن تېز يۈرۈپ كەتتى. ماشىنىدا كېتىپ بېرىپ ئاكامدىن بۇ ئىشنى سوراپ بىلدىم. ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن: بىز «قارا تال» ئاشخانىسىغا كىرمەكچى بولۇپ مېڭىپ، سېلىنىشى ۋە ئىچىدىكى لايىھىسىگە ئوخشاش قىلىپ ياسالغان «قارا تال» ئاشخانىسىغا يانداش «مېھرىگىياھ» ئاشخانىسىغا كىرىپ غىزالىنىپتۇق. مەن ئاكامنىڭ بۇ خىجىللىقنى يوق قىلىش ئۈچۈن چەتئەلگە چىققان تۇنجى يىلى ئۆزۈم يولۇققان مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردىم.

ئۇيغۇرلار كۆندىلىك تۇرمۇشىدا چايدىن ئايرىلالمىغاندەك قەھۋەمۇ ئىنگلىزلارنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىچىملىكى ھېسابلىنىدىكەن.

ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ يىغىلىپ چاي ئىچكەچ ئېقىم مەسىلىلىرى ئۈستىدە پاراڭ سېلىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان مەخسۇس چايخانىلىرى بولغىنىدەك ئىنگلىزلارنىڭمۇ دەم ئالغان كۈنلىرى، يېقىن دوستلىرى بىلەن يېنىك مۇزىكىلار قويۇلۇپ تۇرغان قەھۋەخانىلارغا كىرىپ، قەھۋەلىرىنى ئاز-ئازدىن ئوتلاپ ئولتۇرۇپ ئۆز ئارا مۇڭداشقاچ ئىش پۇشۇقىنى چىقىرىشىدىكەن. «قارىغۇنىڭ شەھىرىگە بارساڭ بىر كۆزۈڭنى قىسىۋال» دېگەنىدەك، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزمۇ قەھۋەنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ۋە سېھرى كۈچىگە مەپتۇن بولۇپ، قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدىغان قەھۋەخانىلاردىن بەھىر ئالىدىغان بوپتۇ. قىسقىسى مەنمۇ بۇرۇن قەھۋەنى پەقەتلا ئىچمەيدىغان، ئەمما قەھۋەخانا،دوستلارنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە دىدارلاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياخشى ئورۇن بولغاچقا، ئاستا-ئاستا قەھۋە ئىچىشكە كۆنگەندىن سىرت كۈنىگە ئىككى ئىستاكان ئىچمىسەم بىئارام بولىدىغان بولۇپ قالدىم.

بىر كۈنى دىدارلاشمىغىلى خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغان بىر نەچچەيلەن پاراڭ سېلىش ئۈچۈن، ئىتالىيەلىكلەر ئاچقان بىر قەھۋەخانىغا كىرىپ، دېرىزە تۈۋىدىكى يېڭىلا بوشىغان ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇردۇق. قەھۋەخانا ئالدىراش بولغاچقا كۈتكۈچىنى خېلى ساقلىدۇق، كېيىن بىز 3 ئىستاكان ( Latte ) لاتەي 2 ئىستاكان، ( Cappuccino ) كاپۇچىنو،بىر چەينەك چاي ۋە بىر نەچچە تال كىچىك تورت بۇيرۇتتۇق. بۇيرۇتقان نەرسىلىرىمىز ئۇزۇن قالمايلا ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلدى. بىز پاراڭلاشقاچ قەھۋەدىن ھوزۇرلىنىۋاتاتتۇق، كۈتكۈچى كېلىپ بىر ۋاراق كىچىك باغاقچىنى ئۈستىلىمىزنىڭ يان تەرىپىگە چاپلاپ قويۇپ كەتتى. باغاقچىغا Adult، 6 pm 5،1Child دەپ يېزىلغان ئىكەن. ھەر قېتىملىق ئىچكەن قەھۋەنىڭ پۇلىنى باشقىلار ئالدىراپ مەندىن بۇرۇن تۆلىۋېتىدىغان بولغاچقا بۇ قېتىممۇ باشقىلارنىڭ مەندىن بۇرۇن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ كۈتكۈچى چاپلاپ قويغان باغاقچىنى پۇل تۆلەيدىغان تالون ئوخشايدۇ دەپ ئالدىراپ قولۇمغا ئېلىۋالدىم - دە، پۇل تۆلەش ئۈچۈن بېرىپ ئالدىمدا پۇل تۆلەش ئۈچۈن ئۆچرەتتە تۇرغان خېرىدارلارنى تۈگىتىپ باغاقچىنى ئۇزاتتىم. پۇل يىغقۇچى قىز مەن سۇنغان باغاقچىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئىنگلىز تىلىدا بىر نېمىلەرنى دېدى. مەن بۇ دۆلەتكە يېڭى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىزچە ئۆگىنىشنى ئەمدىلا باشلىغاچقا، كۈتكۈچى قىزنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي ئۈستەلدە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئايالىمنى شەرەت بىلەن چاقىرىپ ئەكېلىپ بىلدىمكى ئەسلىدە مەن تاپشۇرغان باغاقچە پۇل تاپشۇرۇش تالونى بولماستىن بەلكى كەچتىكى ئۈستەلنى زاكاز قىلىپ قويغانلار ئۈچۈن چاپلاپ قويۇلغان باغاقچە ئىكەن .ئۇنىڭغا يېزىلغىنى كەچ سائەت 6 دە 5 چوڭ ئادەم 1 كىچىك بالا دېگەنلىك ئىكەن.

شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئىزادىن يۈزلىرىم قىزىرىپ ئاسمان يىراق يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ، بۇرۇنلاردا چوڭلاردىن دائىم ئاڭلايدىغان «قارا قورساق» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم-دە «ئەتىدىن باشلاپ پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىشكە كىرىشىمەن» دەپ، ئۆز - ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنلىكىمنى سۆزلەپ بەردىم ۋە كەينىدىن، ئۆيگە يېتىپ بارىدىغانغا يەنە ئازراق ۋاقىت بولغاچقا ئۇلاپلا چەتئەلگە يېڭى چىققان يەنە بىر ئاكىمىزنىڭمۇ ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىش قورالى بولغان تىل ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغىغان مۇنداق بىر قىزىقارلىق ھېكايىسىنى سۆزلەپ بەردىم.

بىر كۈنى ۋەتەندىن يېڭىلا كەلگەن، بويلىرى ئېگىز ئەمما سەل ئورۇق، كۆزلىرى كۆك،قاڭشارلىق، چاچلىرى سېرىق، كېلىشكەن خۇددى چەتئەللىكلەرگىلا ئوخشايدىغان بىر ئاكىمىز. بىز تۇرۇۋاتقان شەھەردىن، يەنە بىر شەھەرگە تۇغقانلىرىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ماشىنىسىنى ھەيدەپ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاش يولدا كېتىۋاتسا، كەينىدىن يېتىشىپ كەلگەن قاتناش ساقچىسى ماشىنىسىنىڭ چىراغلىرىنى لەپىلدىتىپ ئۇ ئاكىمىزنى يولدىن چىقىپ توختاشقا بەلگە بېرىپتۇ. ئۇ ئاكىمىز خىيالىدا ئاستا مېڭىپ، ئالدىراپ ماڭغان ساقچى ماشىنىسىنىڭ يولىنى توسۇپ قويغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ مېڭىۋېرىپتۇ. ماشىنا توختىمىغاندىن كېيىن، ساقچى ماشىنىسى ئاكىمىزنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ يول باشلاپ

ئىشارەتلەر بىلەن چەتكە توختىتىپ، ماشىنا پىراۋاسىنى سوراپتۇ. ئۇ ئاكىمىز يېڭى كەلگەچكە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنگلىزچە بىلمىگەچكە ساقچىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. ساقچىلار ئىنگلىزلارغا ئوخشايدىغان ئاكىمىزنىڭ ئىنگلىزچە بىلمەيدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ قايسى دۆلەتتىن كەلگەنلىكىنى سوراپتۇ. ئۇ ئاكىمىز بېشىنى چايقاپ تۇرغاندىن كېيىن ساقچى تېخىمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن كانادا، ئىتالىيە، فىرانسىيە دېگەنگە ئوخشاش بىر نەچچە دۆلەتنىڭ ئىسىملىرىنى چىقىرىپتۇ. شۇندىلا ئاكىمىز «ھە قايسى دۆلەتتىن كەلگىنىمنى سوراۋېتىپتۇ - دە» دەپ، ئويلاپ «چاينا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ساقچىلار قارىسا ھېچ بىر جۇڭگولۇققا ئوخشىمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇنچىلىك ھارغىن چىراي. شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار «چېكىنۋالمىسا، سورىغان سوئاللىمىزغا تۈزۈك جاۋاب بەرمەسمىدى. بىزنى ئەخمەق قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئاكىمىزنى ماشىنىسىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇپتۇ. يانچۇقلىرىدىن زەھەرلىك چېكىملىك چىقمىغاندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ئاختۇرسا، ماشىنا تارتمىسىدىن جۇڭگو پاسپورتى بىلەن چەتئەلدە ئالتە ئايغىچە ماشىنا ھەيدەشكە بولىدىغان، گۇۋاھلىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن ماشىنا پىراۋىسى چىقىپتۇ. قارىسا پىراۋىدىكى ئىسىم ۋە پاسپورتتىكى رەسىم شۇ ئاكىمىزنىڭ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن ساقچىلار ئۇ ئاكىمىزغا يولدىكى خاتالىقىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قەلەم قەغەز بىلەن سىزىپ يولدىكى ئىككى لىنىيەنىڭ ئىچىدىكى لىنىيەدە ئۇزۇن ماڭسا بولمايدىغانلىقىنى ئۇ لىنىيەدە كۆپىنچە دوختۇرخانىنىڭ قۇتقۇزۇش ماشىنىسى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىغا ئوخشاش ماشىنىلارنىڭ ماڭىدىغانلىقىنى ياكى بولمىسا ماشىنىلارنى ياندىغاندا ماڭسا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپتۇ. كەينىدىن ئاكىمىزنىڭ خېلى ئۇزۇن يولنى بېسىپ كەلگەنلىكىنى، چارچاپ قالغانلىقىنى چوقۇم بىر يەرنى تېپىپ دەم ئېلىپ يولغا چىقىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ ۋە ئاخىرىدا ئاكىمىزنىڭ ئۆزلىرىنىڭ گېپىنى يەنە چۈشىنەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يېقىن ئەتراپتىكى شەخسى ياتاقخانىلارنىڭ بىرسىگىچە ئەگەشتۈرۈپ ئەكىلىپ، قول ئىشارەتلىرى بىلەن مۇشۇ يەردە ئۇخلاپ يولغا چىقىشنى قايتا- قايتا تاپىلاپ كېتىپ قاپتۇ. ئاكىمىز شۇندىلا ساقچىلارنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىنى چۈشىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ ۋە ساقچىلار كەتكەندىن كېيىن يولىنى داۋام قىپتۇ.

بىز ئەنە شۇنداق، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان قىزىقارلىق ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ سېلىشقاچ ئۆيىمىزگە يېتىپ كەلدۇق.

# پارچىلار*

ئەزىمجان نىزامىي (قىرغىزىستان)

ۋاھ دەرىخا، نازىنىن يار، شامۇ – سەھەر يىغلىدىم،
سېغىنىپ مەن بويلىرىڭنى ئەترە-ئەنبەر يىغلىدىم.

كۆيدۈم، ئۆچمەي پىراقىڭدا ئاللاھۇ ئەكبەر يىغلىدىم،
دىدار ئىزدەپ دىلدارىم، دىلدا دىلبەر يىغلىدىم،

قەلبى قۇياش، كۆزى چولپان، ئۆزۈم قەمەر يىغلىدىم،
ئاھ، مەشۇقۇم ، ئاشىق ئەزىم، قەلبى دەپتەر يىغلىدىم.

***

ئاخىرى بارغۇ نىگارىم بۇ يىغىمنىڭ كۈلكىسى،
تۈندىن بىزار ئويغاندى يار، بۇ خۇشاللىق بەلگىسى.

جانان بىدار بول بەختىيار ئەتە – ئۆگۈن كەلگۈسى،
ئەندى قاچسا بەخت بىزدىن، مەڭگۈ تاشلاپ كەتكۈسى.

* شائىرنىڭ «زۇلۇمغا زاۋال» ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



ئابدۇقادىر داموللام
(1870-1924)

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەخلاق چۈشەنچىسى*

رىسالەت تۇرسۇن** (تۈركىيە)

مەن كىتاب مەزمۇنىدىن ئەخلاق توغرىسىدىكى مەلۇم قىسىملارنى ئۆزۈندە قىلىپ، شۇنىڭغا ماس رىئاللىقتىكى مىساللار بىلەن يېزىپ چىقتىم.

1. ئاللاھ ئىنسانغا ئەقىل-ئەدەبتىن ئارتۇقراق تۇرىدىغان بىر نېمەتنى بەرگەن ئەمەس. ئەقىل ۋە ئەدەب ياشلارنىڭ جامالىدۇر. ئادەمنىڭ ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغىنىدىن كۆرە هاياتىدىن ئايرىلغىنى ياخشىراقتۇر.

بۇنى كۈنىمىزدىكى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلايدىغان بولساق، كىشىلەرنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى هەر قانچە چىرايلىق، كېلىشكەن بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭدا ئەقىل، بىلىم بولمىسا، ئەدەب-ئەخلاق بولمىسا بولمايدىغانلىقىنى هېس قىلىپ تۇرىمىز. بىر كىشى سىرتقى قىياپىتى ئارقىلىق بەلكىم كىشىلەرنى ناهايىتى قىسقا ۋاقىت ئۆزىگە قارىتالىشى مۇمكىن، لېكىن بىلىملىك ۋە ئەخلاق بولسا ئۇزۇن ۋاقىت كىشىلەرنى قايىل قىلالايدۇ، هۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ.

ئۇنداقتا بىر كىشى بىلىملىك بولۇپ، ئەخلاقسىز بولۇپ قالسا قانداق ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ؟ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش ناهايىتى تەس بولغان ۋەقەلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن، خۇددى هازىرقى دۇنيادا يۈز بېرىۋاتقان زۇلۇملار، ۋەھشىيلىكلەر ۋە قىرغىنچىلىقلاردەك. بۇ يامان نىيەتلىك كىشىلەردە يېتەرلىك بىلىم بار، تېخنىكا بار، لېكىن شۇلاردا ئىنسانىي ئەخلاق بولمىغاچقا، ئىنسانىيەتكە زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

2. ئەي ئوغلۇم، جانلىقلارنىڭ هەممىسىگە رەھىم قىلغىن، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە شەپقەت كۆزۈڭ بىلەن باق. ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى هۆرمەتلە، كىچىكلىرىگە رەھىم قىل. هەر بىر ئىشتا هەممىنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ هەققىگە رىئايە قىل.

بۇ يەردە هەر قانداق جانلىققا شەپقەت ۋە كۆيۈنۈش بىلەن يېقىنلىشىش كېرەكلىكى، بۇنىڭ بىر ئىنسانىي ئەخلاق ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. دەۋرىمىزگە قارايدىغان بولساق، چوڭلارنى هۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئاسراش بىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق ئەنئەنىمىز بولسىمۇ، لېكىن بەزى كىشىلەر ئارىسىدىكى مېھرى مۇھەببەت، كۆيۈنۈش، شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ، باشقىلارغا رەھىمسىز مۇئامىلە قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇلاردىن باشقا يەنە، هايۋانلارغا شەپقەتسىزلىك قىلىدىغان، هەر خىل ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەھۋاللارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىمىز. شۇڭا بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى گەرچە ئۇزۇن يىللار بۇرۇنقى نەزىرىيە بولسىمۇ، بۇنىڭ مەڭگۈ توغرا هالەتتە داۋاملىشىپ ماڭىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3. ئەگەر ئەخلاقى ياخشى بولمىسا، كىشىلەرنىڭ يۈزىنىڭ چىرايلىقلىقى مەنپەئەت قىلامدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەن چىرايلىقلىقنى ئوغۇل باللىقلىقنىڭ ئىپادىسى قىلما، چۈنكى پارقىراق تۆمۈرنىڭ هەممىسى يەمەننىڭ تۆمۈرى بولۇۋەرمەيدۇ.

بىزدە «تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال» دەيدىغان گەپ بار. بىز هەر قانچە ساھىبجامال، شاھزادىدەك بولۇپ كەتسەكمۇ، بىزدە گۈزەل ئەخلاق بولمىسا بىكار. ئەمەلىي تۇرمۇشتا قارايدىغان بولساق، ئاياغنى پارقىرىتىپ مايلىۋالغان، كاستۇم-بۇرۇلكىنى قاتۇرۇپ كىيىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنى كۆرىمىز، ئاغزىدىن چىققان گەپلەر ئادەمنى سەسكەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك، بىر قىسىم قىزلارمۇ يۈزىگە ئۇپا-ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈرۈپ، رەڭگارەڭ كىيىنىۋالغان بىلەن بىر ھەرىكىتىنى كۆرۈپلا لاسىدە بولۇپ قالىسىز. شۇڭا قەدىمكىلەر: «بوياق بىلەن بويىغىچە تېشىڭنى بىلىم بىلەن زىننەتلىگىن ئىچىڭنى» دەپ ناهايىتى توغرا ئېيتىپتىكەن. بىلىم ۋە ئەخلاق ئىنساننىڭ زىننىتىدۇر.

4. سۆز زىننەتتۇر، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپ سۆزلىمە. مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان قىلمىدىم،

* «خانىم-قىزلار ئىلىم چېيى» سۆھبىتى بويىچە تەييارلانغان ماقالە
** ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆسمە كېسەللىكلىرى ئىنستىتۇتى راك كېسىلى ئىرسىيىتى كەسپى دوكتورانتى

ئەمما، سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇشايمان قىلدىم.

بۇ يەردە سۆز قىلىش ئەخلاقىنى ناھايىتى قىسقا ۋە جانلىق ئىپادىلەپ بەرگەن بولۇپ، ھەر بىر گەپنى ئويلىنىپ قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

بۇ نۇقتىغا كەلگەن ئىسىمگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دائىم كۆزىتىپ كېلىۋاتقان بىر مەسىلە كەلدى. مەن ھەر قېتىم بۇنداق ئىشلارغا يولۇققىنىمدا ھەيران قالىمەن. «بىز مۇشۇنداق ئاغزى بېزەك مىللەت بولغىيمىدۇق» دەپ ئويلاپ كېتىمەن. يېقىنقى يىللاردا تورلاردا ھەر خىل ئالاقە قوراللىرىدا، ئىنكاس ياكى گۇرۇپپىدا سۆھبەت قىلىش شەكلىدە باشقىلارغا ھاقارەت قىلىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئەۋج ئېلىپ كېتىپتۇ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ تىلى شۇ قەدەر ئۇزىراپ كەتكەنكى، 70 - 80 كىشىلىك گۇرۇپپىدا مەلۇم كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە، خاراكتېرىگە ھۇجۇم قىلىدىغان، ئوچۇق-ئاشكارا ئىنكاس رايونىدا ئائىلىسىنى، خوتۇن-قىزلىرىنى سەت گەپلەر بىلەن ھاقارەتلەيدىغان ئىشلار سامانىدەك. ئەجەبا بىزدە سۆز قىلىش ئەخلاقى شۇنچىلىك ناچار ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىمۇ؟ دېمەك، بىز گەپ قىلغاندا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» قائىدىسى بويىچە ئىش قىلىشىمىز كېرەك، بولمىسا تىلىمىزنى يىغماسلىقىنىڭ، بەزى چاغلاردا ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ سۈكۈت قىلالمىغانلىقىمىزنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىمىز. بىزدە «تىلىڭنى يىغمىساڭ كالالاڭ كېتىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بۇنىڭ دەردىنى بۇ دۇنيادا تارتمىساق، ئۇ دۇنيادا ھامان بىر كۈنى سورىقى بولىدۇ.

5. ئىلىم ۋە ئەدەپكە ئۇنچىۋالا ھېرىس بولۇپ كەتمىگىن. بەزىدە كىشىگە ئىلىم ۋە تەتقىقاتىمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. پەزىلەت ۋە ئەدەب ئىگىلىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ نادانلارنىڭ بازىرى چىقتى.

بۇ يەردە بەزىدە ئىلىم ۋە تەتقىقاتنىڭمۇ كىشىگە زىيان ئېلىپ كېلىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن بولۇپ، مېنىڭ ئېسىمگە ماگىستىرلىقتىكى يېتەكچى ئوقۇتقۇچۇمنىڭ مۇنداق بىر گېپى يەتتى: «قەدىرلىك دوستلىرىم، بىزنىڭ كەسپىمىز شۇنداق بىر كەسىپكى، بۇنى ياخشى تەرەپكە ئىشلەتسەك جانلىقلار دۇنياسىنى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى خىزمەت قىلدۇرالايمىز، لېكىن يامان تەرەپكە ئىشلەتسەك بومبا ياسايدىغان، بىيولوگىيەلىك قورال ياساپ ئىنسانىيەتكە بالايى-ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلارنىمۇ قىلالايمىز». ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، بىر قىسىم ئىنسانلار ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يامان ئىشلارغا قوللىنىۋاتىدۇ. بىيولوگىيەلىك قورال بولۇش ئېھتىماللىقى تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان كورونا ۋىرۇسى 1.5 يىلدىن بۇيان دۇنيانى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. ياخشى نىيەتلىك، ئەخلاقلىق كىشىلەر باستۇرۇلۇپ، زوراۋان كۈچلەر ئۈستىگە چىقىۋاتىدۇ.

6. ئىنسانلاردىكى ئەڭ يامان ئىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىندىشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، (ئۆزىگە قارىسا) يېتەرلىك ئەيىب تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلەپ يۈرمەيتتى.

ئەمەلىيەتتە بىر كىشىنىڭ ئۆز ئەيىبلىرىنى كۆرۈپ ئېتىراپ قىلالايدىغان، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىشقا ئۇرۇنىدىغان ھالەتكە كېلىشى ناھايىتى قىيىن بىر ئىش. بۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئائىلە تەربىيەسى، كۆپ ئوقۇشى، تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ھالەتكە يېتەلىگەنلەرنى خاراكتېرى پىشىپ-يېتىلگەن، ئەخلاقلىق كىشىلەردىن دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى دەۋردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ۋە ناھايىتى ئەۋج ئېلىۋاتقان بىر ئەھۋالنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ھازىر كىشىلىرىمىزدە ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلايدىغان، يەر شارىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىۋاتىدۇ، ھەممە ئىشنى مەن بىلىمەن دەيدىغان مەمەدانلىق، ئۆزىدىن قەتئىي قۇسۇر تاپالمايدىغان، توختىماي قارشى تەرەپنى ئەيىبلەيدىغان، چۈشۈرىدىغان ئۆز مەپتۇنلۇق كېسىلىنىڭ نىسبىتى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ خىل كېسەللىككە گىرىپتار بولغان كىشىلەر ھە دېسە باشقىلارنى ئەيىبلىك دەپ ئويلايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ ئەيىبلىرىنى قەتئىي كۆرەلمەيدۇ، كۆرسىمۇ ئېتىراپ قىلالمايدۇ. شۇڭا بۇ خىل كېسەللىكنىڭ نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، نۆۋەتتىكى كىشىلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىنى، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى بىر باسقۇچ دەپ قارايمەن.

7. بىز شۇنداق كىشىلەردۇرمىزكى، بىزنىڭ ئەخلاقىمىز، شەرەپ يۈزىسىدىن بىزگە چېقىلمايدىغان كىشىلەرگە ئالدى بىلەن چېقىلىشقا يول قويمايدۇ.

بۇ يەردە بىزگە چېقىلمىغان، بىگۇناھ كىشىلەرگە ئالدى بىلەن چېقىلماسلىق تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدىن بولغانلىقى تەكىتلەنگەن. ئىنسانىنىڭ مەلۇم خاراكتېرگە ئىگە بولۇشى، مەرد بولۇشى، دوستىغىمۇ دۈشمىنىگىمۇ مەردلەرچە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىنىڭمۇ ئەخلاق جۈملىسىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كۈنىمىزدە، ھە دېسە كىشىلەرگە ئورا كولايدىغان، بىكاردىن بىكار باشقىلارغا چېقىلىپ باقىدىغان، تايىنى يوق چۈپرەندىلەر مەۋجۇت. شۇڭا بۇلارنىڭ ئازىيىشى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىش بىزنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى مۇمكىن.

8. ئىكرام قىل، شۇنداق قىلساڭ ياخشى ئىش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرالايسەن. قىسقىسى، (سېنى) ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئادەمنى پەقەت (سەن باشقىلارنى) ھۆرمەتلەش بىلەنلا تاپالايسەن.

بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى ئىكرام قىلىش، يەنى باشقىلارغا بېرىش. بىز باشقىلارغا نېمە بەرسەك شۇنىڭغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقىمىز كۈچىيىدۇ. باشقىلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھۆرمىتىگە ئېرىشىمىز دەيدىكەنمىز ئالدى بىلەن باشقىلارنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك. دەۋرىمىزدە مەيلى ماددىي نەرسىلەر بولسۇن، مەيلى ھۆرمەت، مېھرى-مۇھەببەت، كۆڭۈل بۆلۈش بولسۇن داۋاملىق باشقىلاردىن تەلەپ قىلىدىغان، پەقەت ئېلىشنىلا بىلىپ، بېرىشنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. دېمەك، ئالدى بىلەن بېرىش ئاندىن كېيىن ئېلىشنى كۈتۈشمۇ بىر ئەخلاق جۈملىسىدىندۇر.

9. گەرچە لاياقەتسىز ئورۇنلار بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن (قىلغىن)، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن زايە كەتمەيدۇ.

تاشمۇھەممەت باتۇرنىڭ «ياخشىلىق قىل قولۇڭدىن كەلسە» ناملىق ناخشىسى قۇلىقىمدا ياڭرىغاندەك بولدى. يامانلىق يۇقۇشچان بولغىنىدەك، ياخشىلىقمۇ يۇقۇشچان بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بىزدە «ياخشىلىق بوسۇغا ئاتلىغۇچە، يامانلىق جاھانغا تاراپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. سىڭىشتۇرىدىغان بولساق، يامانلىقنىڭ يۇقۇشچانلىقى ياخشىلىقتىن يۇقىرى بولىدۇ، بىر يامان ئىش ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تارقالغان، يېيىلغان بولسا، ياخشىلىق بىرئاز ئاستا يېيىلىشى مۇمكىن. بىز ھەممىمىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۇرۇنساق، ھامان بىر كۈنى ئۆزىمىزگە قايتىدۇ، خەلقىمىزگە قايتىدۇ، خەلققە پايدىلىق تېخىمۇ چوڭ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ.

10. ئەگەر ئاللاھ يېپىلىپ قالغان بىر پەزىلەتنى تارقىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ پەزىلەت ئۈچۈن ھەسەتخورلارنىڭ تىلىنى (غەيۋەت قىلىش ئۈچۈن) كۆزەتچىلىككە قويىدۇ. ئەگەر ئوت يېنىدىكى نەرسىلەرنى كۆيدۈرمىگەن بولسا ئىدى، ئارچا ياغىچىنىڭ خۇش پۇراقلىقى بىلىنمىگەن بولاتتى.

كۈنىمىزدە كۆرۈلۈپ تۇرغىنىدەك، مىللەت ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلىشقا تەۋرىگەن كىشىلەرنىڭ كەينىدىن ھەر خىل ئۆسەك سۆزلەر چىقىدۇ. بۇنىڭدىن پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، ياخشى كىشىلەرنىڭ ئاشۇ نادان، ھەسەتخور بىر ئوچۇم كىشىلەر تەرىپىدىن يورۇتۇلۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا شوئارىمىز «ئىتلار قاۋاپ قىلىۋېرىدۇ، كارۋان يولىغا كېتىۋېرىدۇ» بولۇشى كېرەك.

# كۆك كېچە

ئەھمەد سەلچۇق ئىلكان (تۈركىيە)

كۆك رەڭلىك كېچىدە باشلانغان ئىدى سۆيگۈمىز
ۋە
كۆكەرگەن ئىدى پۈتۈن ئۈمىدلىرىم ئۇ كېچە
ئۇنتۇلدۇرغان ئىدىڭ ماڭا قاراڭغۇلۇقنىڭ قارا
بولىدىغانلىقىنى
ۋە كۆزلىرىڭدە بايقىغان ئىدىم تۇنجى قېتىم
پۈتۈن كېچىلەرنىڭ كۆك بولىدىغانلىقىنى...

بىر كۆك كېچە ئىدى ئۇ،
پۈتۈن كېچىلەردىن گۈزەل.
بىر كۆك كېچە ئىدى ئۇ،
مەن ئۈچۈن ئۆمۈرگە بەدەل...

ۋە كېيىن...
شۇنداق بىر كەتتىڭكى
بەختىمگە قارشى..
شۇنداق بىر كەتتىڭكى
پارچىلاندى
ئارزۇلىرىم ئىچىمدىكى...

ئۈمىدلىرىمنىڭ كۆكىنى ئېلىپ كەتتىڭ،
دېڭىزلىرىمنىڭ كۆكىنى ئوغۇرلاپ كەتتىڭ
كۆپكۆك دۇنيارىمغا
قاپقارا بىر مىخ قېقىپ كەتتىڭ...

كەتتىڭ
ۋە سەنمۇ ھەر يالغانغا ئوخشاش
تۈگىدىڭ
ئاخىرلاشتىڭ...

سۇمەييە ئايتۈرك تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

# بىرلا يول

نىزار قەبىانىي (سۇرىيە)

ماشا مىلتىق كىرەك...
ئۈزۈكنى ساتتىم ئاپامنىڭ
مىلتىقنى دەپ.
گۆرۈڭگە قويدۇم پورتمالىمنى
مىلتىقنى دەپ...
بىز ئۆگەنگەن تىل
ئوقۇغان كىتابلار...
يادلىغان شېئىرلار
نۆلگە تەڭ ھەممىسى...
بىر مىلتىق ئالدىدا...
مىلتىقمۇ تاپتىم
ئېلىپ كېتىڭلار مېنى
پەلەستىنگە.
مەريەمنىڭ چېھرىدەك غەمكىن دۆڭلەرگە.
يېشىل گۈمبەزگە.
پەيغەمبەر تېشىغا،،
ئىزدەۋاتىمەن
يىگىرمە يىلدىن بېرى بىر ۋەتەن،
بىر كىملىك.
تىكەنلىك سىمدە قورشالغان ئۇياقتىكى ئۆيۈمنى
ئەشۇ ۋەتىنىمنى
باللىقىمنى..
مەھەللىدىكى دوستلارنى
كىتابلىرىمنى
رەسىملىرىمنى
ھەممە ئىسسىق بۇلۇڭنى
بارلىق گۈزەل چاغلارنى...
مىلتىقمۇ تاپتىم
ئېلىپ كېتىڭلار مېنى
پەلەستىنگە.
ئەي ئەركەكلەر!

ياشايمەن ياكى ئۆلۈمەن ئەركەكچە!
تىكەي دەيمەن پەلەستىن تۇپرىقىغا
زەيتۇن دەرىخى
ياكى ئاپلېسىن ۋە يا ئەتىرگۈل.
«دەردى نېمە» دېگەنگە:
«مىلتىق» دەڭلار.
مىلتىقمۇ تاپتىم
كۆرەشكە كىردىم.
تۇپا - تىكەن تۆشكىم
ئارزۇ-ئۈمىد يېپىنچام.
تەقدىرىم بۇ دېمەيمەن.
تەقدىرىم ئۆز قولۇمدا.
ئەي ئىنقىلابچىلار
قۇدۇستىكى
خەلىلدىكى
بېيساندىكى
ئەغۋاردىكى
بەيتۇل لەھمىدىكى
ئەي ئەركىنلىك جەڭچىلىرى
نەدە بولساڭلار مەيلى
ئالغا،،!
ئالغا..!
تىنچلىق سۆھبىتى
ئادالەت
ھەممىسى بىر ئويۇن.
پەلەستىنگە پەقەت
بىرلا يول بار
مىلتىق ئېغىزىدىن بارىدىغان.

ئەرەبچىدىن ئۇيغۇرۇللاھ تەرجىمىسى (تۈركىيە)

# ئىشق ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز

ئاقگۈن ئاكئوۋا (تۈركىيە)

مەن كۆرۈنگەن پۈتۈن دوختۇرلار ئوخشاش نەرسىنى
ئېيتىشتى؛
دېيىشىۋالغاندەكلا
بۇ كېسەلنىڭ ئىسمى «ئىشىق»
ۋە بۇ ياشتىن كېيىن ئىنسانىنى تېخىمۇ ئاجىزلىتىدۇ...

ھالبۇكى، راستىمنى ئېيتسام؛
مەن پەقەتلا
بىر قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزغا
سوقۇلدۇم دەپ ئويلىغانىدىم
ھاياتىنىڭ چېكى يوق كوچىلىرىدا مېڭىۋاتقانىدا،
يۈرىكىم بىر پارتلاش بىلەن نۇرلانغانىدا...

سۇمەييە ئايتۈرك تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

www.uyghurkitap.com

# شېئىرلار

مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە)

## قايتا تۇتۇلۇش

بۇ قېتىم
يىللار كەينىڭدىن يۈگۈردى،
ئالدىقانغا ئېلىنغان جېنىم بىلەن تەڭ.
پۈتلىرىمغا ئېسىلدى نامەلۇم كەلگۈسى،
«بىر نەچچە يىلدىن كېيىن» دېگەن ئۈمىد،
مەن «يالغان» دەيمەن، ئىشەنگۈم بار ئىدى.
ھېلىلا قېچىپ كېتىدىغاندەك
بارماقلىرىم بىر - بىرىگە يار ئىدى.

پىياز توغراۋېتىپ يىغلىيالمىدى كۆزلەر،
پىيازلارنى يىغلاتتى.
باتۇرلۇق قىسسىلىرىنى سۆزلىيەلمىدى لەۋلەر،
چۆچەكلەر ئۆزىنى جىمىلىدى.

بۇلۇڭلاردىكى باللاردەك
شۈمشەيگۈسى كەلدى يۈرەكنىڭ،
ئۈمچەيگىسى كەلدى ھەتتا ھويلىدىكى چېلەكنىڭ.
مەندىن بىر يۇتۇم ئىچتى ھايات،
سەندىن بىر چىشلەم چىشلىگەچ،
مەن بۇ ھاياتنىڭ ئىچىدە ئېرىپ - ئېرىپ كېتىۋاتىمەن
ئېرىشنى بىلمەيدىغان تۆمۈرلەر قارىغان كۆزلىرىڭدەك...
ئاخىرقى قېتىم بولىدۇ بۇ قېتىم
ئۆڭگەن كۆڭلەكلىرىنىڭ رەڭگىدەك،
ئاغرىغان سۆڭەكلەرگە پاتمايدۇ قاتتىقچىلىق،
سۆڭەكلەر يۇمشايدۇ،
ئاندىن يوقايدۇ
ساڭا ئەگەشكەن كۆلەڭگىدەك.
بىز ئىككى يەردە تۇتقۇن بولدۇق،
سەن قايتا - قايتا تۇتۇلغاندەك
مەن قايتا - قايتا ياشاۋەردىم...

## دوپپام

تامچە-تامچە يېشىمدەك
بېشىمدىن تۆكۈلگەن دوپپام،
مېنى سەندىن ئايرىغان پىراقىمدەك
يۈرىكىمدىن سۆكۈلگەن دوپپام...

قەشقەر يولى سورامدۇ؟
نوزۇك باشسىز تۇرامدۇ؟
«تاغنىڭ سۈيىدىن ئىچكەن»،
«يالغۇز يۈرۈپ مۇڭ چۈشكەن»
مۇشتۇمدەك تۈگۈلگەن دوپپام...

ئۆلۈمنىڭ رەڭگىدە ئايۋان،
دوپپىسى جىگدىدەك ئالۋان،
ئىپارنى تېگىشمەس سەرگە،
غۇرۇرىن ئۇرغۇچە يەرگە
ئاتەشكە تۈگۈرگەن دوپپام...

تۈنۈگۈن يۈزىدە دوپپام،
بۈگۈننىڭ كۆزىدە دوپپام،
ئەتىنىڭ سۆزىدىن قالدىم،
تىلىمدىن سۇغۇرۇپ ئالدىم...
دەردىمگە ئۆڭۈپ گۈلى،
قولۇمدا بىر تۇتام كۈلى
جېنىمدەك پۈكۈلگەن دوپپام...

2018 - يىلى 4 - ماي

## تۇتقۇنلۇق

ئايىغى چىقماس خالتا كوچىلاردا ماڭىمەن،
كىچىك ۋاقتىمدىكىدەك تۇتقۇنمەن چارىسىزلىكىمگە.
ناتونۇش كوچىلار بۇ ئىنسانلىقىمغا،
مەستلىكىم كېلىدۇ
يوپۇرماقلارنىڭ شاخلاردىن تۆكۈلۈشىگە؛
مەستلىكىم كېلىدۇ
زەنجىرسىز ھاياتنىڭ ئەركىنلىكىگە...

ئىچىمدە ئوت يانار،
كۆزلىرىم ئوت چاچار،
باغلانغان تىلىم ئۆتمۈشكە قاچار،
مەندىن يەنە قانچىسى بۇ كەچمىشنى ياشار؟
كۆيىمەن، كۈل بولىمەن،
ئادەم بولۇپ قايتا تۇغۇلىمەن،
ئاچچىق زەردابنى يەنە بىر قېتىم يۇتۇپ،
يەنە بىر قېتىم ئوخشاش ئۆلۈمگە قوغلىنىمەن.

قارا باشلىرىم قاراڭغۇلۇقتا ئاقاردى،
قارا دەردلىرىم تۆمۈرلەردە قاپاردى،
باغدا بوستانىم، تاغدىكى شەرەپ - شانىم
لەيلى - رەيھانلىرىم كەبى ئاياغلاردا تاتاردى...
تۇپراقلىرىمدەك رەڭگىنى ئۇنتۇمىغان يۈرىكىمدە بوغۇلىمەن.

ئاھلىرىم، زارلىرىم، نالىلىرىم،
قوي كۆزلىرىم، قارا كۆزلىرىم،
قايسى بۇرجەكلەردە تىترەۋاتقان لاللىرىم،
تۈن كېچىدە قاناۋاتقان يارلىرىم،
قوشۇۋېلىڭلار مېنى كىشەنلىرىڭلارغا،
تۇتقۇنمەن چارىسىزلىكىمگە
موماملىنىڭ
بوۋامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندىكى چارىسىزلىكىدەك،
دادامنىڭ نەۋقىرانلىقىنى كۈتكەندىكى چارىسىزلىكىدەك...



# ئانىلار ھەققە

نىگارا ئىبراگىموۋا (قازاقىستان)

نىگارا ئاسىمجانقىزى ئىبراگىموۋا 1998 - يىلى 7 - ئاۋغۇستتا داڭلىق ياركەنت تەۋەسىگە قاراشلىق چوڭ-چىغان يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 2016 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان. شېئىر يېزىشقا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىن باشلاپ ئىشتىياق باغلىغان. كېلەچىكىدىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتىدىغان ياش قەلەم ئىگىسىنىڭ تۆۋەندە شېئىرىنى دىققىتىڭلارغا تەقدىم قىلىمىز.

قەلەم ئالدىم قولۇمغا مۇڭلىنىپ تۇرۇپ،
ئىچ سىرىمنى يازاي مەن مىسرالار قۇرۇپ.
ئانا دېگەن سۆز بىلەن باشلىغۇم كېلۇر،
بارچە مېھىر-سۆيگۈنى ئانىلار بېرۇر.

بوۋاق چاغدىن پەپىلەپ قاتارغا قوشقان،
ئاق سۈت بەرگەن مېھرىبان، پاسىبان ئىنسان.
كېچىلەردە كۆز ئىلماي، مېنى پەپىلەپ،
ئاغرىپ قالسام يېنىمدا يۈرگەن ئەنسىرەپ.

***

تاڭلارغا ئۇلاپ، ئۆتەركەن كۈنى،
ئۆيدە-تالادا ئۆچمىگەن ئۈنى.
بىر دەقىقە ئۇ يوقاپ كەتسىلا،
ئىزدەيمىز، مەيلى كۈندۈزى، تۈنى.

ئەزىز ئانامنى باتۇرۇم دەيمەن،
ھەتتا مەن ئۈچۈن ھەم ئاتا بولغان.
خۇددى كۆكتىكى پەرىشتەم دەيمەن،
قانىتى بىلەن قورغىنىم بولغان.

قاتارغا قوشتى، ئەلدىن كەم قىلماي،
تۈنلەردە بەزەن ئۆتتى كۆز ئىلماي.
بېشىنى ئەگمەي بەرداشلىق بەردى،
جاپالار تارتتى مەن ئۈچۈن تىنماي.

# چۈشەندۈرەلمەيۋاتىمەن

ئورخان ۋەلى قانىق (تۈركىيە)

يىغلىسام ئاۋازىمنى ئاڭلارسىزمۇ؟
مىسرالىرىمدا،
سۈرتۈپ قويارسىزمۇ
كۆز ياشلىرىمنى قوللىرىڭىزدا.

بىلمەيتتىم، ناخشىلارنىڭ بۇنچە گۈزەل
ۋە سۆزلەرنىڭ يېتەرسىزلىكىنى
بۇ دەرتكە مۇپتىلا بولۇشنىڭ ئالدىدا.

بىر جاي بار، بىلىمەن
ھەممىنى ئېيتىۋالغىلى بولىدىغان،
بەكمۇ يېقىنلاشتىم، ئاڭلاۋاتىمەن
چۈشەندۈرەلمەيۋاتىمەن.

ئۇيغۇرۇللاھ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك قاتلام*

ز. زۇنۇن

سەنئەتنى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى شېئىرىيەتنى ئەزەلدىن تاشلاپ قويغىنى يوق . مەيلى قايسى زامان، قايسى ماكان ياكى قايسى ھاكىمىيەت دەۋرى بولمىسۇن، سەنئەتخۇمار ئۇيغۇر خەلقى ئۆز قەلبىدىكى سەنئەت ئابىدىسىنىڭ نەقىشلىرىنى نۇرغۇنلىغان گۈزەل مىسرالار ئارقىلىق بېزەپ كەلدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەرقايسى دەۋرلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب يارىتىپ، يېڭىچە ئىجادىيەت يوللىرىنى بەرپا قىلىپ، شېئىرىي شەكىل، پەلسەپەۋى چوڭقۇرلۇق جەھەتلەردە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق ياراتقان، يارىتىۋاتقان تالانتلىق شائىرلارنى ئۇچرىتالايمىز.

ئەلۋەتتە، شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ھەرقانداق چاغدا ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىش، بىباھا ئەدەبىيات-سەنئەت مىراسلىرىنى قەدىرلەش ۋە ئۆز دەۋرىدىكى ئۇستازلىق رولىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان سەنئەتكارلارنى ھۆرمەتلەش ئاساسىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

20 - ئەسىرنىڭ 80 -، 90 - يىللىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۇچقۇن ئۇنتۇلغۇسىز دەۋر بولدى. بۇ مەزگىلدە مەيلى پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلار بولسۇن، مەيلى ياش يازغۇچى، شائىرلار بولسۇن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ساپ سەنئەت نەزەرىيەسىنى نامايان قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش يولىدا دادىل ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ئېسىل ئەسەرلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. تالانتلىق شائىرلاردىن تېيىپجان ئېلىيوف، ئوسمانجان ساۋۇت، قۇربان باراتلار شېئىرنىڭ تىلىغا، شېئىردىكى ئوبرازلىق سۆزلەرگە ئالاھىدە كۈچ چىقىرىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغان بولسا، يەنە بوغدا ئابدۇللا قاتارلىق نۇرغۇن پېشقەدەم شائىرلار پەلسەپەۋى پىكىر، شېئىرنىڭ مەنە قاتلىمى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى ئېستېتىكا ئۇقۇمىنىڭ رولىنى تېخىمۇ تولۇق نامايان قىلدى.

پېشقەدەم شائىرلار ياراتقان ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە ئىجادىيەت يوللىرى شېئىرىيەت گۈلزارلىقىغا گۈزەل ھۆسن قوشقان بولسا، يېڭىدىن يېتىلگەن ۋە يېتىلىۋاتقان ياش شائىرلارنىڭ پەلسەپەۋى پىكىرگە تويۇنغان يېڭىچە ئەدەبىيات چۈشەنچىلىرى، شېئىرىي پىكىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تېخىمۇ سەرخىل گۈللەر يىغىلغان گۈزەل باغقا ئايلاندۇردى. بۇ باغدا پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەرنىڭ ھىدى خەلقىمىز قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ كەلدى.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا بىر تۈركۈم ياش شائىرلار مەيدانغا چىقىپ، ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت قاراشلىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلدى، مىللىي ئاڭ بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە زامانىۋى سەنئەت ئېلېمېنتلىرىنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ، شېئىرىي شەكىل، شېئىرىي پىكىر جەھەتلەردە يېڭىلىق ياراتتى.

بۇ مەزگىلدە مەيدانغا كەلگەن شېئىرلاردا نوقۇل تەبىئەت، تۇرمۇش، مۇھەببەت ھەققىدىكى ئاددىي چۈشەنچىلەر ۋە قېلىپلاشقان شېئىرىي سۆزلەر لىرىكىلاشتۇرۇلماستىن، ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ سەنئەت قارىشى، دۇنيا قارىشى، مۇھەببەت قارىشى قاتارلىق دۇنياۋى تېمىلار ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقىمىزنىڭ چوڭقۇر مەنىۋىيىتىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان سۈزۈك ھېسسىيات تىنىدۇرمىلىرى قېزىپ چىقىلىپ، ھادىسىدىن ماھىيەتكە ئۆتۈش، بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىدا ئاجايىپ گۈزەل مەنىۋى لەززەت نۇرلىرى چاقنىدى.

ئەمەلىيەتتە شېئىر ئەزەلدىنلا كىشىلەرگە ئېستېتىك زوق بېغىشلاش جەھەتتە خۇددى مۇزىكىغا ئوخشاش قاتلاممۇ قاتلام سىڭىپ كىرىش رولىغا ئىگە. بۇنداق ئالاھىدىلىك ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدا ئاللىقاچان ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرغانىدى. مەسىلەن،

ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن،
ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك.
كېلىڭ يارىم ئوينايلى،
سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك.

دېگەن بۇ بىر كۇپلېت قوشاققا قارايدىغان بولساق، ھەرقانداق ئادەم بىر قاراپلا چۈشىنەلەيدىغان، بىلەلەيدىغان ئاددىي سۆزلەر ئىشلىتىلگەن بولۇپ، شېئىر، قوشاقتىن خەۋىرى يوق ئادەممۇ بىر خىل ئېستېتىك زوق ئالالايدۇ. بۇ خىل زوق ئېستېتىكا قاتلىمىنىڭ تۇنجى قەۋىتى بولۇپ، ئۇ زوقلانغۇچىدىن ھېچقانداق چوڭقۇر بىلىم ۋە سەنئەت چۈشەنچىسىنى تەلەپ قىلمايدۇ. پەقەت بۇ بىر كۇپلېت قوشاقتىكى سۆزلەرنىڭ جايىدا ئىشلىتىلىشى، قاپىيەسىنىڭ چۈشكەنلىكى ۋە سۆزلەرنىڭ يېقىملىقلىقى بۇ قوشاقنى لىرىكىلىق تۈسكە ئىگە قىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قوشاق خەلق ناخشىسىغا ئايلانغاندىن كېيىن، مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن بىرىكىپ تېخىمۇ جەلپكارلىققا ئىگە بولغان. بۇ قوشاقنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان

---

* «شەبنەم» توردىن ئېلىندى.

بولساق، بۇ قوشاقتا ئالاھىدە چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىر نامايان قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئىستىلىستىكىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى ئۆلمەس ناخشىغا ئايلاندۇرغان. يەنى بۇ قوشاقنى سۆزمۇ سۆز، مىسرامۇ مىسرا تەھلىل قىلىدىغان بولساق، كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئىستىلىستىكىلىق مەنىلەرنى ھېس قىلىمىز. «ئۆگزەڭگە چىقىۋاپسەن» دېگەن مىسرا بىلەن «ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك» دېگەن مىسرا قارىماققا لوگىكىغا ئۇيغۇن ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. چۈنكى گۈل ئەزەلدىن ئۆگزىدە ئېچىلمايدۇ ياكى ئۆگزىدە ئۆستۈرۈلمەيدۇ. ئەمما بۇ يەردىكى «ئۆگزە» گۈزەللىكنى نامايان قىلىدىغان ۋاستىگە ئايلانغان. بۇ يەردىكى «ئۆگزە» سۆزىنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ قوشاقنىڭ تەپەككۇر قاتلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرغان بولۇپ، بۇ مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا سۆزلەرنىڭ لىرىكىلىق ۋە بەدىئىي مەنىسىنى چۈشەنگەن ئادەمگە قوشاقنى ئوقۇغان چاغدىكىدىنمۇ گۈزەل ۋە يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. مانا بۇ قوشاقنىڭ ئېستېتىك قاتلىمىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتى. «كېلىنىڭ يارىم ئوينايلى، سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك» دېگەن مىسرالارنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىنىڭ ئىشلىتىلىش جەھەتتىكى يۈكسەكلىكىدىن قەلبىمىز تېخىمۇ ھاياجانغا چۆمىدۇ. چۈنكى «سۇغا سۇ قوشۇلغاندەك» دېگەن مىسرادا سۆزلەر ناھايىتى جايىدا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئوقۇرمەنگە دەل ئاشۇ جايىدا مۇشۇ سۆزلەردىن باشقا سۆزلەرنى ئىشلىتىش مۇمكىن ئەمەستەك تۇيغۇ بېرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، سۇغا سۇ قوشۇلۇپ كەتسە مەڭگۈ ئايرىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، بۇ مىسرادا پاك مۇھەببەتكە ئىنتىلگۈچىلەرنىڭ تەشنالىقى ۋە ئارزۇسى ئەڭ ئاددىي ئەمما ئەڭ مۇكەممەل ئوخشىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ قوشاقنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بۇ بىر مىسراسىنى ئېستېتىك قاتلامنىڭ يەنىمۇ چوڭقۇر بىر قەۋىتىدىكى جۇلالىنىپ تۇرغان تەپەككۇر نۇرى دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەكچىمەنكى، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئەزەلدىن بار بولغان يۇقىرىقى قوشاقتىكىدەك نازۇك ئامىللارنى يەنىمۇ ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، شېئىرىيەتتىن ئىبارەت ئۆزۈلمەس ئېقىننىڭ دولقۇنلىرىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈردى.

80 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پەرھات ئىلياس، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پەرھات تۇرسۇن قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش شائىرلار ئۆز شېئىرلىرىدىكى تىل ئۆزگىچىلىكى، ئۇسلۇب ئۆزگىچىلىكى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە يېڭىلىق ئاتا قىلىپ، ئىلگىرىكى مەدھىيەۋازلىق، شوئارۋازلىق ياكى تېما تەكرارلىقىغا ئوخشاش بۇرۇقتۇرما ھالەتنى ئۆزگەرتكەن بولسا، 90 - يىللارنىڭ ئالدى-كەينىدە ئادىل تۇنىياز، ئابلىكىم ھەسەن، قەيسەر تۇرسۇن، غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت، نۇرمۇھەممەت ياسىن ئۆركىشى، چىمەنگۈل ئاۋۇت، ئابلەت ئابدۇرېشىت بەرقى، تاھىر ھامۇت، ئەسقەر داۋۇت، ئاسىمجان ئوبۇلقاسىم، زامانىدىن پاكزات، مۇھەممەتجان سەيدۇللا، ئايسىمە ئىدرىس قاتارلىق ياش شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىدى.

بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا چوڭقۇر پەلسەپەۋى پىكىر، چىن ھېسسىيات، ساپ سۆيگۈ، ئىنسانىنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى نازۇك تۇيغۇلار ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەچكە، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك قاتلام تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى تېخىمۇ نامايان قىلىش ئۈچۈن «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، «ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار ئۇلارغا ياخشى سورۇن ھازىرلاپ بېرىش بىلەن بىرگە، «قەشقەردىكى يەر شارى»، «يۈرەكسىز سۆيگۈ» قاتارلىق كىتابلارنى تۈزۈپ نەشر قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشتى.

مۇشۇ ئىككى كىتابتىكى شېئىرلارغا، شۇنداقلا «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى سانلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىك قاتلامنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ۋەتەنسىز قۇشلار[1]،
پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار.
سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر،
غازىڭىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ.

بۇ مىسرالاردا ۋەتەندىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تېما ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شېئىرنىڭ بىرنەچچە قەۋەت ئېستېتىكا قاتلىمى كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ. «ۋەتەنسىز قۇشلار، پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار» دېگەن بۇ ئىككى مىسرالارنىڭ ئادەمگە تۇنجى بېرىدىغان زوقى «ۋەتەن» دېگەن تېمىنىڭ ئەكس ئەتتۈرۈلۈۋاتقانلىقى بولۇپ، بۇ مۇشۇ مىسرالارنىڭ تۇنجى ئېستېتىكا قاتلىمى ھېسابلىنىدۇ، شېئىرغا مەنىۋى قاتلام بەخش ئەتكەن «قۇشلار» بىلەن «پەسىللەر»نىڭ مۇناسىۋىتى «ۋەتەن» ئۇقۇمىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ئېستېتىك قاتلامنىڭ يەنە بىر قەۋىتى ھېسابلىنىدۇ. «سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر، غازىڭىنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ» دېگەن ئىككى مىسرا بىلەن باشتىكى مىسرالارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «قېرىنداشلىق» مۇناسىۋەت شېئىردىكى ئېستېتىك قاتلامنىڭ يەنە بىر قەۋىتى بولۇپ، بۇ قەۋەت بىزگە شېئىردىن زوقلىنىشنى بىلىش ئۈچۈنمۇ مەلۇم جەريان كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

ئامېرىكىنىڭ داڭلىق شائىرى ئاللان پوئى «شېئىر گۈزەللىكنى نىشان قىلىشى، شېئىر يازغاندا ۋەزنىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىشى كېرەك» دېگەنىدى.

1 - ئادىل تۇنىيازنىڭ «قەشقەردىكى يەر شارى» ناملىق شېئىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى شېئىردا گۈزەللىك يارىتىشقا زور كۈچ سەرپ قىلدى. ھەتتا ئەڭ ئازابلىق شېئىرلارنى يازغانلارمۇ ئازاب ۋە ھەسرەت ئارقىلىق گۈزەللىك يارىتىشقا ياكى ئازاب ئارقىلىق گۈزەللىكنى ھېس قىلدۇرۇشقا تىرىشتى. ئۆلۈم ئازاب ھەمدى گۈپۈلدەپ تۇرغان بەزى شېئىرلار قارىماققا تولىمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈلگەندەك، چۈشكۈنلۈك، تەنھالىق تەشەببۇس قىلىنغاندەك بىلىنسىمۇ، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى مەيلى شەكىل ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، ياكى ئوبرازلىق تەپەككۇر، ئىستىلىستىكا نۇقتىسى جەھەتتىن بولسۇن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ھەرگىزمۇ چۈشكۈنلۈك تەشەببۇس قىلىنمىغان، ئەكسىچە ئىنساننىڭ ئەسلى ماھىيىتى نامايان قىلىنىپ، روھىيەتتىكى نازۇك ئامىللار شېئىرلاشتۇرۇلغان، چىن ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ، گۈزەللىككە ئىنتىلىشنىڭ يېڭى يوللىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

بىلىمەن چەكسىزدۇر سۆيگۈ قۇدرىتى[2]،
قىلىنماي قالغاندا ھېچكىمگە ئىزھار.
كۈلپەتسىز تۇرمۇشقا يېقىندۇر ئۆلۈم،
كۈلپەتسىز تۇرمۇشتا بولمايدۇ باھار.

تەھلىل قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ شېئىردىكى ئىستېتىكا قاتلىمى خېلى چوڭقۇر بولۇپ، بىز بۇ مىسرالارنى تۇنجى قېتىم ئوقۇغان چاغدا بىر خىل غەمكىن كەيپىياتنىلا ھېس قىلىمىز. بۇ ئىستىلىستىكا قاتلىمىنىڭ تۇنجى قەۋىتى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرغا ئىچكىرىلەپ كىرىدىغان بولساق، شېئىردىكى قارىمۇ قارشىلىق بىلەن ئوخشاشلىقتىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر مەزمۇن بىزنى يەنىمۇ بىر قاتلام ئىچىگە ئېلىپ كىرىدۇ. يەنى سۆيگۈ ئىزھار قىلىنمىغان چاغدىلا چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە دېگەن مەزمۇن بىزنى سۆيگۈ-مۇھەببەت ھەققىدە چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

راستتىنلا ئىزھار قىلىنمىغان چاغدىكى سۆيگۈ قۇدرىتى چەكسىز بولامدۇ؟ كۈلپەتسىز تۇرمۇشتا باھار بولمايدىكەن، نېمە ئۈچۈن كۈلپەتسىز تۇرمۇشقا ئۆلۈم يېقىن بولىدۇ؟ ئەمەلىيەتتە زىتلىق بىلەن ئوخشاشلىقتىن شەكىللەنگەن ھېسسىيات تىنىدۇرمىلىرى بىزنى ھايات، تۇرمۇش، سۆيگۈ ھەققىدە تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ مىسرالارنى سۆزمۇ سۆز تەھلىل قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، ئىنساننىڭ روھىيىتىدىكى نازۇك تەرەپلەرنىڭ ئېچىپ بېرىلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

سەن[3]
ئوتتۇز ياش!
زېمىندا ئۆيۈڭ يوق ، ئۆيۈڭدە خوتۇن،
ۋەتەن قەلبىڭدىن ئالدى كەڭ ئورۇن.
ھەممە ئادەم ئىشىكنى ئەتتى،
يانچۇقىدا ئۆزىنىڭ پۇلى.
ھەممە ئادەم كۆزىنى يۇمدى،
كۆرۈش ئۈچۈن گۈزەل چۈشىنى.
تاشلاپ كەتتى تۆت ياشلىق بالاڭ،
قالدى ساڭا بىر پارچە سۈرەت.
ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى،
قالدى ساڭا ماكان بوپ پەقەت.

يۇقىرىقى مىسرالاردا تەنھالىققا تاشلانغان بىر ياشنىڭ چىگىش ھېسسىياتى ۋە كەيپىياتى ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، شېئىردىكى ئازابلىق كەيپىيات ئارقىلىق مەنىۋى رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى،
قالدى ساڭا ماكان بوپ پەقەت.

بۇ مىسرالاردىكى «ئاۋاز»نىڭ «ماكان»غا ئايلاندۇرۇلۇشى بىر خىل يېڭىچە تەسەۋۋۇر بولۇپ، شائىرنىڭ تەسەۋۋۇر ئالەمىنىڭ كەڭلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن بىرگە، دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ مەڭگۈلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلغان. بۇ يەردىكى «ئاۋاز» بىلەن «ماكان» سۆزىنىڭ يىلتىزلىششى شېئىرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان ھەمدە ئېستېتىكا قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەردىن ئېستېتىك لەززەت سەۋىيە تەلەپ قىلغان.

ھەممىمىزگە ئايانكى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە «ئانا» تېمىسىدىكى شېئىرلار ھەمدە ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىق مېھرى ھەققىدە يېزىلغان شېئىرلار ئىنتايىن كۆپ. ئەمما يۇقىرىقى شېئىردا ئوخشاشلا ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولسىمۇ، شېئىردىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان سۆزلەر بۇ شېئىرنى ئىلگىرىكى ئوخشاش مەزمۇندىكى شېئىرلاردىن ئالاھىدە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلغان. قارىماققا تۆت ياشلىق بالاڭنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازى ساڭا ماكان بولۇپ قالدى، دېگەن مەزمۇندىن ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت رىشتىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ مىسرالارنىڭ مەزمۇن قاتلىمىغا سىڭىپ كىرىدىغان بولساق، بۇ يەردە بالىنىڭ «دادا» دېگەن ئاۋازىنىڭ دادىسىنىڭ يۈرىكىدە بىر ئۇنتۇلماس ماكان سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۆزىلا دادىسىنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىنى نامايان قىلىدۇ. مانا بۇ شېئىردىكى ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئامىللار بولۇپ، شېئىرنىڭ ئېستېتىك قاتلىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تېما دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بەدىئىي ۋاستىلەرنىڭ ئىلگىرىكىدەك قېلىپلاشقان ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن خالىي بولۇپ، ھەقىقىي سەنئەتكە يېقىنلىشىۋاتقانلىقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بىر يۈكسىلىش ھېسابلىنىدۇ.

2 - قەيسەر تۇرسۇننىڭ «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2004 - يىللىق 2 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «قاچقۇن» ناملىق شېئىرىدىن.
3 - غوجىمۇھەممەت مۇھەممەتنىڭ «ئوتتۇز ياش» ناملىق شېئىرىدىن. «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىللىق 1 - سانىدىن

ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدا تۇرمۇش بىلەن ھېسسىيات، رېئاللىق بىلەن خىيال، تۇرمۇش بىلەن سەنئەت بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن. ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئېستېتىكا قاتلاملىرىنى چوڭقۇر قازغاندىلا بۇ نۇقتىلارنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئالدى بىلەن تىل جەھەتتىكى يېڭىلىقى بىلەن ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىپادىلەنگەن مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئوقۇرمەنلەرنى رېئاللىق ۋە ئىنسان تەبىئىيتى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئۈندىدى.

ياش شائىرلار شېئىردا ھېسسىيات ئارقىلىق ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى نازۇك ئامىللارنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، شېئىردي تىلغا ئايلاندۇرۇپ، يۈرەكنى لەرزىگە سالىدىغان شېئىرلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. ياش شائىرلاردىن ئابدۇقادىر جالالىدىننىڭ بىر تۈركۈم شېئىرلىرى، پولات ھېۋزۇللانىڭ يېڭىچە تەپەككۈرنى قوزغايدىغان لىرىكىلىرى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى زور ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېستېتىكا قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ كىرىشىمىزگە پۇرسەت ياراتقان بولسا، 90 - يىللاردىن كېيىن يېتىشىپ چىققان نۇرغۇن ياش شائىرلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىغا تېخىمۇ چوڭقۇر مەنە ئاتا قىلىپ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى چۈشىنىش، بىلىش، تەتقىق قىلىش ئۈچۈن شېئىرنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇردى. چۈنكى ياش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى قاتلاممۇ قاتلام، سۆزمۇ سۆز تەھلىل قىلمىغاندا سۆز، جۈملىلەرنىڭ رولىنى تولۇق چۈشەنگىلى، شېئىردىن زوقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭا شېئىرنىڭ ئېستېتىكا قاتلىمىنى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا، شۇنداقلا ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى، شېئىرىيەت قارىشىنى، شېئىردي دۇنياسىنى، رېئاللىق، سۆيگۈ-مۇھەببەت، ھايات، ئۆلۈم ھەققىدىكى ئىلغار ئىدىيەلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# كۆزۈم سۆزلەيدۇ...

نۇرلان روزىيېۋ (قازاقىستان)

ئىلھام كەلدى بۈگۈن يەنە «شېئىر ياز» - دەپ،
«- ئاڭلىغاننى يازايمۇ يە كۆرگىنىمنى؟
- كۆرگەننى ياز، ئاڭلىغاننىڭ يولى بۆلەك،
- كۆرگىنىڭ ھەق، ئاڭلىغىنىڭ يالغان» - دېدى.

يازنى كۆردۈم، بۈلۈتى بار، يامغۇرى يوق،
قىشنى كۆردۈم، شامىلى بار، ئاق قارى يوق.
دەرەخ كۆردۈم، چېچىكى بار، مېۋىسى يوق،
بۇغداي كۆردۈم، سامىنى بار، دانلىرى يوق.

ئادەم كۆردۈم كوچىلاردا كىيىمى يوق،
كىيىم كۆردۈم دۇكانلاردا ئادىمى يوق.
«مۇسلىم» كۆردۈم، «يۈرىكى پاك، گۇناھى يوق»
- دېگەنلەرنىڭ سۆزىلا بار، ئەمەلى يوق.

يېزا كۆردۈم، مەسچىتى بار، جامائەت يوق
ئىمام كۆردۈم، سەللىسى بار، قىرائەت يوق.
بوۋاي كۆردۈم، داستىخانغا دۇئاسى يوق،
ئاغزىدا ئاللاھنىڭ بىر كالامى يوق.

ئۇستاز كۆردۈم، بىلىمى بار، شاگىرتى يوق،
شاگىرت كۆردۈم، قەلىمى بار، ئۇستازى يوق.

كىتاب كۆردۈم، يېزىقى بار، ئىلىمى يوق
ئىلىم كۆردۈم، ئاخىرەتكە كېرىكى يوق.

باينى كۆردۈم، ئاقچىسى بار، بەرگۈسى يوق،
گاداي كۆردۈم، بەرگۈسى بار، ئاقچىسى يوق.
يارنى كۆردۈم، ۋەدىسى بار، ۋاپاسى يوق،
نادان كۆردۈم، ھەقىقەت بار، كۆرگۈسى يوق.

قۇرئان كۆردۈم، ھەقىقەت بار، يالغىنى يوق،
ئوقۇغانغا ساۋابى بار، قالماق قورۇق.
ئەمەل قىلساڭ، چىراغ بولار، يانغان يورۇق
چىراغنى ياق، قەبرىڭگە بارماي تۇرۇپ.

ھەي بۇرادەر كۆزۈڭنى ئاچ، قارىغىنە،
بار نەرسىلەر يوق بولۇپتۇ سانىغىنە.
نىيەت، پېيىل تۈزەلمىسە ئەگەر بىزدە
بار نەرسىلەر، يوق بولىدۇ يەنە-يەنە...

2022 - يىلى 17 - يانۋار

# شېئىرلار

مۇھەممەد يارۇق

## ئاناتومىيەچى

بۇنچىۋالا ھىجران بىزنى ئۆلتۈرەلمىدى
ئەمدى ھېچكىمنىڭ تەسەللى ۋە ئاۋۇتۇشلىرىنىڭ كېرىكى يوق
جۇدالىق بىزنى شىلىۋاتقاندىكى ئازاب چەكسىز
بۇنى بىر مۇتەپەككۇرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلالىشى ناتايىن.

ئەگەر مەن بىر  ئاناتومىيەچى بولغان بولالىغان بولسام
ھېسسىياتلارنى پارچىلاپ بىلىپ باقاتتىم
ئۆزۈمنى تۇنجى بولۇپ ياراتتىم
بۇلۇت رەڭگىگە كىرىۋالىمەن سېغىنغاندا
ۋىدالىششىش يامغۇرى بولۇپ تىنىڭگە ياغسام دەيمەن

پەسىللەرنىڭ پەرقى يوق
ھىجران گاھ سارغىيىپ، گاھ كۆكلەپ، گاھ قانسىراپ تۇرىدۇ
پەسىل كۈتۈشنىڭ قۇچىقىدا سىزىلغان
باھار پەسلى بىزنى ئايرىمايدىغان ئۆلۈم رەڭگىدە

سۇ نى بەك ئىچىدىغان بولۇپ كەتتىم
يىغلاپ/يىغلاپ سۇسىراپ كەتكەن تېنىمگە سۇ تولۇقلىغىلى
تاسادىپىي ئايرىلىشنىڭ ئەلەملىك كالىنىدارىسىزلىقى
يېگى بىر دەۋر ياراتقان
كېچە-كۈندۈز ، يارۇ-قىش ئوخشاش بولغان
ھەسرەتنى تۇغقان قىسمەتنىڭ كۆرۈمسىزلىكى

## سېنى ئىزدەيمەن

كۆز سۈزلىگەندە ئازاب تىلغا ئېغىر كەلگەن بولىدۇ
چىش لەۋگە پاتقاندا چارىسىزلىك ئەۋجىگە چىققان
تىترەك بىر تەسەللىنى ئىچىمگە پۈۋلىگەندە
سۈمۈرگەن ئوكسىگېن مېڭەمنى سەگىدەتكەندە
ئىككىمىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ھاۋاغا يازىمەن
شاماللار ئېلىپ قاچىدۇ
يامغۇرلار ئەكېلىپ بېرىدۇ
بوران بۇلاپ قاچىدۇ
قار ئەكېلىپ بېرىدۇ
قۇيۇنلار ئەپسۇنىغا يۆگەپ قاچىدۇ

مۆلدۈر بولۇپ قايتا چۈشسەن
ھېچكىم ئېلىپ كېتەلمەيدىغان بولۇپ

سەن مېنىڭ روھىمنى تۇغقان
ئانام ساڭا تېنىمنى كۆمگەن
كىلاسسىك ئىگراش
مېنى ساڭا
سېنى ماڭا يار ئەيلىگەن
سېنى سەنسىزلىك بېزەپ تۇرغان دۇنيادىن ئىزدەيمەن
سەنسىزلىك كىملىكىمنىڭ نىشانىسى
ھەسرەت سۆگەكتىن ئۆتكەندە
تۇزلۇق تامچىلار سىرغىغاندا
ھۇزۇر بىلەن ئۇنى شۈمۈپ تۇرۇپ شۇنداق دەيمەن
سەھەردىن ئاخشامغىچە
سېنى كۆز نۇرۇمدا ھەممە يەرگە سېزىپ
ھەممە يەردە تېنىمنى ئىزدەيمەن

## ساڭا قاراپ كېتىپ بارىمەن

«ئادىمى» يوق قايناق شەھەردىن،
سۆيگۈسى يوق قىرتاق سەھەردىن.
بىر ئۆزۈمنى، بىرلا سۆيگۈمنى،
ساڭا ئاتاپ كېتىپ بارىمەن.
سەنسىزلىكتە قەددى پۈكۈلگەن،
گاھ يىقىلسا، گاھى يۈكۈنگەن،
ناشاد، سۇنۇق كۆڭلۈمنى ئېلىپ،
سېنى ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن.
قايغۇ باسقان دەۋرانلىرىمغا،
مىسكىن ئارزۇ-ئارمانلىرىمغا،
دەرمان تاپاي سېنىڭ بىلەن دەپ،
ساڭا قاراپ كېتىپ بارىمەن.
سەنسىز كۆڭلەر روھى يوق تەندەك،
گاھى مەيۈس، گاھىدا مەڭدەپ،
ئۈمىدىمنى ئارتىپ تېنىمگە،
ساڭا قاراپ كېتىپ بارىمەن.
كۆيۈۋاتقان مېنىڭ يۈرىكىم،
ۋىسال مېنىڭ بىرلا تىلىكىم،
باغرىڭنى ئاچ، باغرىڭنى ئاچقىن،
ساڭا قاراپ كېتىپ بارىمەن.

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجهۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

◆ مەن ئۆزۈمنىڭ بىلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

—ئەمىنەم (ئامېرىكا)

◆ قىلىقى سەت ئادەمگە ئاچچىقلىنىش خۇددى قوزغالمايدىغان ماشىنىغا ئاچچىقلانغانغا ئوخشاش ئورۇنسىز.

—بېرتراند راسسېل (بىرىتانىيە)

◆ خۇشال ئادەم ھازىرغا رازى بولغاچقا كەلگۈسى ئۈچۈن جىق كۆچ چىقارمايدۇ.

—ئالبېرت ئېينىشتېيىن (گېرمانىيە)

◆ ھەر بىر كىتابتا بىر دۇنيا، ئەگەر سىز بىر كىتابتىكى دۇنيانى ياقتۇرمىسىڭىز، ئۇ كىتابنى ئوقۇماڭ؛ ياكى ئۆزىڭىز بىر دۇنيانى قۇرۇپ نەزەرگە سۇنۇڭ.

—سالمان رۇشدى (ھىندىستان)

◆ ئاياللارغا پەقەت ئۈچ نەرسە كېرەك، يېمەكلىك ، ئىچىملىك ۋە ماختاش.

—كىرىس روك (ئامېرىكا)

◆ ھەقىقەت ئايىغىنى كىيگىچە يالغان دۇنيانى يېرىم ئايلىنىپ بولىدۇ.

—چارلىس سپورگىن (بىرىتانىيە)

◆ ھېچقانداق بىر كىيىم تەبەسسۇمدەك مۇھىم ئەمەس.

—كوننىي ستىۋىنس (ئامېرىكا)

◆ يىغا كۆڭۈلنى تازىلايدۇ، ياش، خۇشاللىق ۋە پەرىشانلىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ رولى بار.

—دىئان ۋورۋىك (ئامېرىكا)

◆ ئادىللىق ۋە تىنچلىق بىر تەڭگىنىڭ ئىككى يۈزىدۇر.

—دۋايت د. ئايزىنخاۋېر (ئامېرىكا)

◆ سىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭىز سىزنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭىز بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

—فەدەرىكو فەللىنى (ئىتالىيە)

◆ سۆزلەر سۆزلىيەلمىگەننى مۇزىكا سۆزلەيدۇ.

—خانس كىرىستىئان ئەندىرسون (دانىيە)

◆ سىز ۋاقىتنى باشقۇرسىز ياكى ۋاقىت سىزنى باشقۇرىدۇ.

—جىم رون (ئامېرىكا)

◆ گۈزەللىك كۈچ - قۇدرەتتۇر، تەبەسسۇم بولسا ئۇنىڭ قىلىچى .

—جون رېي (بىرىتانىيە)

◆ ئاجىزلار باشقىلارنى كەچۈرمەيدۇ، چۈنكى كەچۈرۈش كۈچلۈكلەرنىڭ ئىشى.

—ماخاتما گاندى (ھىندىستان)

◆ ئىنسانلاردا ئالاھىدە ئۇنۇملۇك قورالدىن بىرى بار، ئۇ بولسىمۇ تەبەسسۇم.

—مارك تېۋىن (ئامېرىكا)

◆ نىيەت قىلغان يولنى تاپىدۇ.

—ئورىسون سىۋېت ماردىن (ئامېرىكا)

◆ دوستۇم بولسۇن دېسىڭىز دوستتەك مۇئامىلە قىلىڭ.

—رالف ۋالدو ئېمىرسىن (ئامېرىكا)

◆ سىز يوقاتقان ھەر بىر نەرسە باشقا بىر شەكىلدە سىزگە قايتىپ كېلىدۇ.

—رۇمى (پارس ئىمپېرىيەسى)

◆ ئەقىلنىڭ باشلىنىشى قىزىقىش.

—سوقرات (يۇنان)

◆ راستچىللىق ئەقىل كىتابىنىڭ بىرىنچى بۆلۈمى.

—توماس جەففىرسون (ئامېرىكا)

◆ سەنئەت، ئەركىنلىك ۋە ئىجادچانلىق جەمئىيەتنى سىياسەتكە قارىغاندا تېز ئۆزگەرتىدۇ.

—ۋىكتور پىنچۇك (ئۇكرائىنا)

◆ كىشىلەرنىڭ ئېسىدە راستچىل دەپ قېلىش ئەڭ ئۇلۇغ ئابىدىدۇر.

—ۋىليام شېكىسپېر (ئەنگلىيە)

www.uyghurkitap.com



# ئىككى ئالدامچى

(چۆچەك)

ئۆتكەن زاماندا ئىككى ئالدامچى بولغانىكەن. بىرى كونىشەھەرلىك باقى، يەنە بىر يېڭىشەھەرلىك ساقىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئىككى ئالدامچى يېڭىشەھەر بىلەن كونا شەھەر ئوتتۇرىسىدا ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

باقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ قوي قۇمۇلىقى، ساقىنىڭ دۈمبىسىدە بىر قاپ تۆگە مايىقى بار ئىكەن.

– ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ساقى! نەگە كېتىپ بارىسەن؟ – دەپ سوراپتۇ باقى.

– سىلەرنىڭ شەھەرگە كېتىپ بارىمەن، ئۇ ياقتا ياڭاق قىممەت دەپ ئاڭلىدىم، مۇنۇ يوغان ياڭاقلارنى پۇل قىلىپ كېلەي دەپ ماڭدىم ،– دەپتۇ ساقى.

– ھە، مەنمۇ سىلەر تەرەپكە كېتىپ بارىمەن ،– دەپتۇ باقى ، – سىلەرنىڭ شەھەردە ئۈزۈم قىممەت دەپ ئاڭلاپ، بىر قاپ ئۆرۈمنى ئېلىپ كېتىپ بارىمەن.

باقى ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

– ئىككىمىز بىكارغا ۋاقتىمىزنى زايا قىلمايلى! ئۇنىڭدىن كۆرە، ساتقىلى ئېلىپ كېتىپ بارغان نەرسىلىرىمىزنى تېگىشىپ، ھەر قايسىمىز ئۆز شەھىرىمىزگە ئاپىرىپ ساتساق بولمامدۇ؟ – دەپتۇ.

– ئۇنداق بولسا قاپلىرىمىزنىڭ ئاغزىنى ئاچمايلا تېگىشەيلى، – دەپتۇ ساقى.

شۇنداق قىلىپ، ئىككىسى مۈرىلىرىدىكى قاپلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئۆز مەھەللىلىرىگە قاراپ ئۇچقاندەك راۋان بوپتۇ.

ھەر ئىككىسى ئۆيلىرىگە ھاسراپ – ھۆمۈدەپ يېتىپ كېلىپ، قاپلىرىنى ئېچىپ كۆرۈپ باقسا، بىرىنىڭكىدىن قوي قۇمۇلىقى، يەنە بىرىنىڭكىدىن تۆگە مايىقى چىقىپتۇ. ھەر ئىككىلىسى «خەپ» دېگىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ – دە، يولى كەلگەندە بىر–بىرىنى راسا بىر قاپقانغا چۈشۈرۈپ، پۇخادىن چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپتۇ. – كۈنلەر ئۆتۈپ باقى بىلەن ساقى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ.

– يول بولسۇن؟ – دەپتۇ باقى ساقىغا.

– جىلىل باينىڭكىگە ئىش ئىزلەپ كېتىپ بارىمەن، – دەپتۇ ساقى.

– ئۇنداق بولسا مەنمۇ باراي، ئىككىمىز بىللە ئىشلەپ قالساق ياخشى ئەمەسمۇ، – دەپتۇ باقى.

جىلىل بايغا مال بېقىپ بېرىشكە بىر مالچى، چوك قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە بىر مالاي لازىم ئىكەن. باقى مال باقماقچى، ساقى باي قورۇسىنىڭ ئىشلىرىنى قىلماقچى بولۇپ ئىشقا كىرىشىپتۇ.

باقى ئەتىگەن تۇرۇپ، بىر پارچە قاتتىق ناننى قوينىغا سېلىپ، بىر قوتان مالنى ھەيدەپ چىقىپ كېتىدىكەن. ئۇ دالىدا ئەتىدىن – كەچكىچە كۈنگە قاقلىنىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن سۇغا زار بولغانىنىڭ ئۈستىگە تارىلىپ كەتكەن ماللارنى يىغىمەن، دەپ قوش جاپا تارتىدىكەن. تاپىنىغا كىرگەن تىكەنلەر قان ئېقىتسا، تاپاندىن ئۆتكەن ئىسسىق كۆزىدىن ياش چىقىرىدىكەن. باقى بىرىنچى كۈنىلا شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىپتۇكى، ئېلىپ كەلگەن ناننى يېيىشكىمۇ دەرمانى قالماي، كەچقۇرۇن ئۆلەي – ئۆچەي دەپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەپتۇ.

باي ئۆيىنىڭ ئىشىمۇ ساقىغا ئاسان چۈشمەپتۇ! ئۇنىڭغا ئازراق دەم ئېلىپ، بىرەر چىشلەم بىر نەرسە يەۋېلىشقىمۇ ۋاقىت چىقماپتۇ. ئۇ، راسا ھېرىپ، ھالى قالماي، ھويلا سۈپۈرۈۋاتقاندا توپىنىڭ ئارىسىدىن بىر كۈمۈش پۇل تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى توق بولۇپ، باقى كەلگەندە راسا ماختىنىپ، ئۇنى بىر ئالداشنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. كەچلىكى ئۇلار ئوچاقنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىشقا باشلاپتۇ.

– پاھ، ئاغىنە! مالچى بولۇش نېمە دېگەن ياخشى ، تىپ – تېنچ، راھەت. مالنى يىغىپ قويىسەن – دە، ئۇخلايسەن. ئۇزاق كۈننى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتكۈزىسەن. ئۆيگە كەلگەندە باي ئاتام بىلەن ئاغىچا ئانام قەنت بىلەن چاي، بوغۇرساق بىلەن ماي بېرىدۇ، نېمە يەيمەن، نېمە ئىچىمەن، دېسەڭ، شۇ تەييار. شۇڭا قوينۇمدىكى نېنىمنى يېگىنىم يوق، كۆردۈڭمۇ؟ – دەپتۇ باقى.

– ئۆي ۋە ھويلا ئارامىنىڭ ئىشىمۇ يوقنىڭ ئورنىدا ئىكەن، بارلىق ئىشنى بىردەمدە تۈگىتىۋېتىسەن – دە، ئاندىن بوشاپ قالىدىكەنسەن. شۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ئىش يوق، ئۇسسۇل ئويناپ كېتىمەن. باي ئاكام بىلەن ئاغىچا ھەدەمگە ئۇسسۇلۇم يېقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «بەللى يىگىت!» دەپ ماڭا بىر مۇنچە پۇل بەردى، كەچكىچە خەجلىسەم يەنە بىرى ئېشىپ قالدى، – دەپ ھېلىقى تېپىۋالغان كۈمۈش تەڭگىنى كۆرسىتىپتۇ ساقى.

پۇلنى كۆرۈپ باقىنىڭ كۆزى قىزىرىپتۇ – دە، ساقىنى ئالدىماقچى بولۇپ:

– بىراق، مال باققاندا ئادەم يالغۇزچىلىقتا زېرىكىپ كېتىدىكەن، – دەپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ساقىغا قاراپ قويۇپتۇ.

– بۇنى بىر دېمە! بۇ يوغان هويلىدىكى تۆت تامدىن مەنمۇ زېرىكىپ كېتىدىكەنمەن، – دەپتۇ ساقى.

بولمىسا ئىشلىرىمىزنى تېگىشىمىزمۇ يە؟ – دەپتۇ هەر ئىككىسى تەڭلا.

ئەتىسى ساقى مال بېقىشقا چىقىپ، ئەتراپقا پىتراپ كەتكەن ماللارنى يىغالماي جېنى تۈمشۈقىغا يېتىپتۇ. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سېزىپ «خەپ» دېگىنىچە باينىڭ ماللىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىپتۇ. باقىمۇ هويلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەلمەي كۆرمىگەننى كۆرۈپتۇ. كەچكە يېقىن بولالماي قۇيرۇقىنى تىكىۋېتىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلار ئىككىسى يەنە ئۇچرىشىپ قاپتۇ. «قوشماق مېغىزدەك يېقىن دوستلاردىن تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بىر – بىرىمىزنى ئالداپ يۈرىمىز؟ ئۈنىڭدىن كۆرە ئىناق بولۇپ باشقىلارنى بابلايلى» دېيىشىپتۇ ئۇلار. مەسلىهەتلىشىپ خاننىڭ خەزىنىسىنى ئوغرىلىماقچى بولۇشۇپتۇ. باقى بىر ئارغامچا، ساقى بىر ساندۇق ئېلىپ، خاننىڭ خەزىنىسىگە كېچىلەپ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار قاراۋۇللارنىڭ ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، خەزىنىنىڭ ئۈستىنى تېشىپتۇ. باقى ساقىنى ساندۇققا سېلىپ ئارغامچى بىلەن خەزىنىگە چۈشۈرۈپ. ساقى ساندۇقتىن چىقىپ، چوڭقۇر خەزىنىنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇنلارنى كۆرۈپ هەيران بوپتۇ. ساندۇقنى يېرىمىغىچە ئالتۇنغا توشتۇرۇپ، باقىغا قاراپ:

– يېرىم ساندۇق بولسا بولارمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ.

– توشتۇر، توشتۇر، لىق توشتۇر! – دەپتۇ باقى.

ئاغىنىسىنىڭ خۇي – پەيلىنى بىلگەن ساقى «ساندۇقنى لىق توشتۇرۇپ بەرسەم، ساندۇقنى تارتىۋېلىپلا، مېنى تاشلاپ قاچمىسۇن» دەپ ئويلاپتۇ – دە، ساندۇقنىڭ ئىچىگە ئۆزى چۈشۈپ «تارت» دەپتۇ. ساندۇقنىڭ ئاغزى يېپىقلا – يېپىلمايلا باقى ساندۇقنى بار كۈچى بىلەن تارتىۋاپتۇ.

ئاندىن ئۇ هېلىقى تۆشۈكتىن خەزىنە ئىچىگە قاراپ:

– هەي قارا يۈز، مېنى ئالداپ نېمە ئىشلارنى قىلمىغان ئىدىڭ؟! ئەمدى مەن ئالتۇننى ئالدىم، سەن خەزىنىدە قالدىڭ. ئەتە ئۆزۈڭنى داردا كۆرىسەن، – دەپ شامال هەيدىگەن قامغاقتەك يولىغا راۋان بوپتۇ. لېكىن، خەزىنە يېنىدىن ئانچە يىراققا بارمايلا نەپسى تاقىلداپ ئالتۇنلارنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ كېتىپتۇ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ، ئاغزىنى ئېچىپتۇ.

شۇ چاغدا ساندۇق ئىچىدىن ساقى:

– هوي قارا نىيەت، سەن مېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرمەكچىمىدىڭ، – دېگىنىچە ئىرغىپ قويۇپ باقىغا ئېسىلىپتۇ. ئاجرىتىدىغان ئادەم يوق. ئىككىسى بىر – بىرىنى تازا مۇشتلاپ، ئاغزى – بۇرنى قان بولۇشۇپتۇ. پادىشاهنىڭ خەزىنىسى ئەتراپىدا ئۇخلاۋاتقان لەشكەرلىرى بۇ ئۇپۇر – تۇپۇرنى ئاڭلاپ، ئۇيقۇلىرىنى ئېچىپ قارىسا، بىر ساندۇق ئالتۇننىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم مۇشتلىشىۋاتقۇدەك. لەشكەرلەر ئۇلارنىڭ پۇت – قوللىرىنى باغلاپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەتىسى ئۇلارنىڭ خەزىنىگە تەگكەن ئوغرىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ، هەر ئىككىلىسى دارغا ئېسىلىپتۇ. «ئالدامچى بىلەن يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام» دېگەن سۆز ئەنە شۇنىڭدىن قالغانىكەن.

# بىهۇدە

ئەزىز نەسىن (تۈركىيە)

سەن يوق
بىهۇدە ياغماقتا يامغۇر
تەڭ هۆل بولالمايمىز...

بىهۇدە بۇ دەريا
چايقىلىپ چاقناشلىرى
قىرغاقلىرىدا ئولتۇرۇپ كۆرەلمەيمىز...

ئۈزىراپ كېتەر
بىهۇدە چارچار يوللار
تەڭ ماڭالمايمىز...

سېغىنىشمۇ، جۇدالىقمۇ بىهۇدە
بەكمۇ يىراقلاردا بىز
تەڭ يىغلىيالمايمىز...

سۆيمەكتىمەن سېنى بىهۇدە
ياشاۋاتىمەن بىهۇدە
هاياتنى تەڭ بۆلۈشەلمەيمىز...

ئۇيغۇرۇللاھ تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان (تۈركىيە)

# ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى

## دادىڭىزنى دوراپسىز

پادىشاھ چوڭ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان ئوغلىنى كەلگەن ئەپەندىمگە ماختاپ:

-شاھزادىمىز شۇنچىلىك كامالەتكە يەتتىكى، كۆڭۈلگە پۈككەننىمۇ بىلەلەيدۇ، - دەپتۇ.

ئەپەندىم:

-پادىشاھىئالەم،شاھزادىنى كۆڭۈلگە پۈككەندىن ئەمەس، ئاۋۋال مۇشتۇمغا تۈگكەندىن بىر سىناپ كۆرەيلى،- دەپ ئۈزۈكنى مەھكەم سىقىمداپ شاھزادىگە كۆرسىتىپتۇ :

-قېنى، شاھزادەم،قولۇمدىكى نېمە ؟

شاھزادە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قاپتۇ. ئەپەندىم:

-بەلگىسىنى ئېيتىپ بېرەي، ئۆزى دۈگىلەك، ئوتتۇرىسى تۆشۈك، ئۇ نېمە؟- دەپ سوراپتۇ.

- ھە، بىلدىم، -دەپتۇ شاھزادە،-قولىڭىزدىكى تۈگمەن تېشى.

ئەپەندىم دەرھال:

-ئەقلىڭىزگە بارىكاللا، خۇددى دادىڭىزنى دوراپسىز، - دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

## بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن

بىر-بىرىنى بىلىشمەيدىغان ئۈچ ئوغرى تېپىشىپ قېلىپ، بىر ئۆيگە ئوغرىلىققا چۈشمەكچى بولۇپ، ئۆينىڭ ئارقا تېمىنى تەشكەندىن كېيىن ياشراق بىرىنى:

-سەن كىر، -دەپتۇ.

ھېلىقى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆملەپ ئۆيگە كىرىشىگىلا، خېلىدىن بېرى ئوغرىلارنى سېزىپ راسلىنىپ تۇرغان ئۆي ئىگىسى قولىدىكى پىچاق بىلەن كىرگەن ئوغرىنىڭ بۇرۇنىنى شارتلا كېسىۋاپتۇ. ئوغرى بولسا بۇرۇنىنى قولى بىلەن توسقىنىچە سىر بەرمەي:

-ۋاي-ۋاي، مۇنۇ ئۆيدىكى سىپسىقچىلىقنى! -دەپلا كەينىچە ئۆملەپ يېنىپ چىقىپتۇ.

-نېمە دەيدىغاندۇ بۇ؟-دەپ ئىككىنچى ئوغرى تۆشۈكتىن ئۆملەپ كىرىپتىكەن، ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

-پاھ، ماۋۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان نەغمە-ناۋانى، قۇلىقىم گاس بولۇپ قالدى، -دەپ ئۇمۇ ئالقىنىدا قۇلىقىنى تۇراپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئۈچىنچى ئوغرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

-بىرىڭ سىپسىقچىلىق دەيسەن، بىرىڭ نەغمە-ناۋا دەيسەن، نېرى ئۆتۈڭلەر، ئۆزۈم بىر كىرىپ باقاي، -دەپلا تۆشۈكتىن ئۆملەپ كىرىپتىكەن، بۇ دۆرەم ئۆي ئىگىسى ئۇنىڭ جان يېرىنى كېسىپ تاشلاپتۇ.

-بىكار نەغمە-ناۋا ئەمەس ئىكەن-دە، ئەسلى بۈگۈن مېنىڭ خەتنە تويۇم ئىكەن ئەمەسمۇ، - دەپ ئۈچىنچى ئوغرىمۇ دەرھال يېنىپ چىقىپتۇ.

## چىراي ۋە ئەقىل

پادىشاھنىڭ مەلىكىسى شەھەردە ئاياللارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرۇپ قويماي زىياپەتكە چاقىرىپتۇ. ئاياللار ھەممىسى يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەلىكە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ، يۈزىدىن چۈمبەلىنى ئاپتۇ. ئەسلىدە مەلىكە ناھايىتى سەت ئىكەن.

زىياپەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ئىچىدە چىرايىغا تەمەننا قويۇپ يۈرگەن بىر ئايال مەلىكىگە ئۆزىنىڭ ئايرىم گېپى بارلىقىنى ئېيتىپتۇ. مەلىكە ئىجازەت بېرىپتۇ.

-مۆھتەرەم مەلىكە،خۇدايىم ھەممىمىزنى يارىتىپ، ھۆسن-جامال تەقسىم قىلغاندا ئۆزلىرى نەدە قالغاندىلا ؟- دەپ سوراپتۇ ھېلىقى ئايال مەلىكىنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ.

مەلىكە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ:

-بۇ چاغدا خۇدايىم ئىككىنچى بىر تەرەپتە ئەقىل تەقسىم قىلىپ بېرىۋاتاتتى، مەن شۇ ياققا بېرىپ قالغانىكەنمەن.




# سكاندىناۋىيەدىن «قەلبى ئاسىيا» غا تۇتاشقان ئۇزاق يول

زۇلھايات ئۆتكۈرنىڭ «سەيياھلار ئىزىدىن» ناملىق كىتابى ھەققىدە

دوكتور ئەسەت سۇلايمان (ئامېرىكا)

زۇلھايات ئۆتكۈرنىڭ «سەيياھلار ئىزىدىن» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابى ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ كىتابتا شىمالىي ياۋروپادىكى تىنىچ ۋە گۈزەل دۆلەت – شىۋېتسىيە بىلەن يىراق مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى قەدىمىي دىيار – شەرقىي تۈركىستان ئوتتۇرىسىدا 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ ئېلىپ بېرىلغان ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك مەدەنىيەت ئالاقىلىرى ۋە بۇ جەرياندا ئوتتۇرىغا چىققان تەكشۈرۈش–تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ كىتابتا يەنە سۋېن ھېدىن، نىلس ئامبولېت، فولك بېرىگمان، گۇستاف راكېت، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق شىۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى ۋە ھەر ساھەدىكى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى قىدىرىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان زور ھەجىملىك قىممەتلىك ماتېرىياللىرى توغرىلىق تەپسىلىي ئۇچۇر بېرىلگەن. 1892 - يىلىدىن 1938 - يىلىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن قاتارلىق جايلاردا دىن تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلار توپلىغان ئېتنوگرافىيەلىك ماتېرىياللار ھەققىدىمۇ بىر قەدەر ئىنچىكە مەلۇماتلار تەقدىم قىلىنغان. قىسقىسى، بۇ كىتاب ئۇيغۇرلار بىلەن غەرب دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنقى زامان مەدەنىيەت ئالاقە تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، بولۇپمۇ شىۋېتسىيەدە ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا دائىر يازما ۋەسىقىلەر، ھۆججەتلەر، قوليازمىلار، رىسالىلەر، ئېتنوگرافىيەلىك ماتېرىياللار، شۇنداقلا روھ تارىخىمىزنىڭ بىزگە تېخى تولۇق مەلۇم بولمىغان ئىزلىرىنى چۈشىنىشتە مۇھىم ماتېرىيال بولغۇسىدۇر.

ئاپتور كىتابىغا «سەيياھلار ئىزىدىن» دەپ ماۋزۇ قويغان. كىتابنى ئوقۇغان ھەرقانداق بىر ئوقۇرمەن 18 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىم شەرقىي تۈركىستانغا بارغان شىۋېت ئوفىتسېر يوھان گۇستاف رېناتتىن تارتىپ تاكى 1978 - يىلى ئاخىرقى قېتىم قەشقەرنى زىيارەت قىلغان گۇننار ياررىڭغىچە بولغان نەچچە ئونلىغان شىۋېت سەيياھلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىدىكى تەۋەككۈلچىلىككە تولغان ھاياتى ھەمدە بۇ جەرياندا توپلىغان مول مەزمۇنلۇق يىغىملىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بۇ ئۇزاق جەرياندا شىۋېت سەيياھلىرى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئاجايىپ ھېكايىلەر، ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنسانىي دوستلۇق، مۇھەببەت، ئىزتىراپ، بەزىدە كىشىنى خۇشال قىلارلىق، يەنە بەزىدە ئاچچىق تىراگېدىيە بىلەن تولغان كەچمىشلەر بىلەن ھەمبەھىرلىنەلەيدۇ.

مەزكۇر كىتابنى ئوقۇغان ئوقۇرمەن سىۋېن ھېدىننىڭ پامىر ئېگىزلىكى بىلەن تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى تەۋەككۇلانە ئېكسپېدىتسىيە كەچمىشلىرىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسى ۋە جاسارىتىنى قانچىلىك ھېس قىلسا، سىۋېن ھېدىن بىلەن لوپنورلۇقلارنىڭ ئاقساقىلى كۆنچىقان بەگ ياكى تارىملىق ئىزچى ئابدۇرەھىم ئوتتۇرىسىدىكى سەمىمىي دوستلۇقتىن ئىنسانىيەتنىڭ تىل، ئىرق ۋە مەدەنىيەت پەرقلىرىدىن ھالقىغان ئەڭ ساپ تۇيغۇلىرىدىن شۇنچىلىك ھوزۇرلىنىدۇ . شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئىسلام دىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بۇ ئەزىم تۇپراقتىكى يەرلىك مۇسۇلمانلاردا ئۆز دەۋرىدە ئاز بولمىغان پاجىئەلەرنى، ئاچچىق قىسمەتلەرنى ۋە ئەقىدە كىرىزىسىنى پەيدا قىلغان ئىدى. ئوقۇرمەنلەر مەزكۇر كىتابتىن يېقىنقى زامان تارىخىمىزدىكى بۇ كۆتۈلمىگەن قىستۇرما ھېكايىلەرنى ئوقۇغىنىدا، مىسسىيونېرلارنىڭ «ئەقىدە ئوغرىلىقى» (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۆزى) دىن قانچىلىك غەزەپلەنسە ، كۈچالىق ھارۋىكەش توختىئاخۇن بىلەن شىۋېت سېستىرا ئايال لوۋىسا ئېنگىۋال ئوتتۇرىسىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەتتىن ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ...

ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللام 1930 - يىللاردا مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا ۋەتەن ھەققىدە يازغان تەۋررۈك ئەسىرىگە «قەلبى ئاسىيا» دەپ ماۋزۇ قويغان ئىدى. دەرۋەقە، ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان داموللامنىڭ مۇھاجىرەتتە ياشاۋېتىپ بىر كۈنمۇ ئېسىدىن چىقىرالمىغان، كېچە-كۈندۈز ئوتىدا كۆيگەن ۋە پۇچۇلانغان بەختسىز ۋەتىنى — شەرقىي تۈركىستان — ئاسىيا قىتئەسىنىڭ مەركىزىي قىسمىغا، يەنى ئاسىيانىڭ قەلبىگە جايلاشقان ئىدى. ئەمەلىيەتتە چىڭگىزخان داموللام «قەلبى ئاسىيا» دەپ تەرىپلىگەن بۇ ئەزىم تۇپراقنىڭ جۇغراپىيەلىك ئۇقۇمى رۇس ۋە ياۋروپا شەرقشۇناسلىرىنىڭ «مەركىزىي ئاسىيا» ياكى «ئوتتۇرا ئاسىيا» دەپ ئاتىغان رايونلارنىڭ ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەيلى شىۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى بولسۇن ياكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرى بولسۇن، ئۇلار قالدۇرغان بارلىق يازما ھۆججەت ۋە خاتىرىلەردە ئاسىيا قىتئەسىنىڭ قەلبىگە جايلاشقان بۇ قەدىمىي ماكان بەزىدە «ئوتتۇرا ئاسىيا»، بەزىدە «مەركىزىي ئاسىيا»، بەزىدە «شەرقىي تۈركىستان» دېگەن ناملار بىلەن ئاتالغان ئىدى.

زۇلھايات ئۆتكۈرنىڭ بۇ كىتابنى ئوقۇۋېتىپ، مەزكۇر ئەسەرگە زور تىپتىكى تارىخىي ۋە مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنىڭ جۇغلانغانلىقىنى، چېتىلىدىغان زامان ۋە ماكان چېكىنىڭ كەڭلىكىنى، ۋەقە-ھادىسىلەرنى تونۇشتۇرۇش ۋە بايان قىلىش بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمىنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىسى ئېنىقكى، مەدەنىيەت تارىخى ياكى مىللەتلەر ۋە رايونلار ئارا مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر بىر ئىلمىي ئەسەر ئۆزىگە مول ۋە ئىشەنچلىك بولغان مەنبەلەرنى ئۇل قىلىدۇ. ئاپتور زۇلھايات خانىم ئىنگلىزچە ۋە شىۋېتچىنى ياخشى بىلىشتەك تىل ئەۋزەللىكى، شىۋېتسىيەدە ياشاشتەك ماكان پۇرسىتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، شىۋېت ئارخىپلىرىغا كۆمۈلگەن شەرقىي تۈركىستانغا دائىر بىرىنچى قول مەنبەلەرنى قېزىپ چىققان. ئۇ شىۋېتسىيەگە كەلگەندىن بۇيان ئىزچىل ھالدا شىۋېت تىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك كۆپلىگەن مەنبەلەرنى تەرجىمە قىلىپ ۋە تونۇشتۇرۇپ كەلگەن. يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيە قاتارلىق ئەللەردىكى بىر قىسىم تەتقىقاتچىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، شىۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيەسىگە دائىر قولىيازما ۋە ھۈنەر-كەسىپ رىساللىلەرنى نەشرگە تەييارلىغان. ئۇزۇن مەزگىللىك ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش تەجرىبىلىرى ئۇنىڭ بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلىغان بۇ كىتابىنىڭ يورۇقلۇققا چىقىشىغا مۇستەھكەم ئاساس بولغان.

مەن بۇ كىتابنىڭ نەشرگە سۇنۇلغان نۇسخىسىنى ئوقۇپ چىقىش جەريانىدا، شىۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان جۇغراپىيەلىك، ئارخېئولوگىيەلىك ۋە ئىنسانشۇناسلىق ساھەسىدىكى قىدىرىپ -تەكشۈرۈشلىرى، شۇنداقلا شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق بىرقانچە نۇقتىنى ئوقۇرمەنلەر سەمىگە ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن.

بىرىنچى، مەيلى سىۋېن ھېدىننىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىدا ئېلىپ بارغان 5 قېتىملىق قىدىرىپ تەكشۈرۈشى جەريانىدا بولسۇن ياكى تۈركولوگ گۇننار ياررىڭنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان تىل ۋە ئېتنوگرافىيە تەكشۈرۈشى داۋامىدا بولسۇن، سىكاندىناۋىيە يېرىم ئارىلىدىكى شىۋېتسىيەدە ئۇيغۇرلارنىڭ تىل، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەلىرى بويىچە ھەققەتەنمۇ مول مەزمۇنلۇق «يىغما» (كوللېكسىيون) لار شەكىللەندى. بۇ يىغمىلار كېيىنچە غەرب دۇنياسىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. بۇ جەھەتتىن مەيلى سىۋېن ھېدىن بولسۇن ياكى شەرقىي تۈركىستانغا بارغان باشقا شىۋېت ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ھەرۋاقىت

خاتىرىلىنىشكە تېگىشلىكتۇر. خۇددى گۇننار ياررىڭ ئېيتقىنىدەك، ئۇلار يالغۇز ئىلىم ساھەسىدىكى جەسۇر تەۋەككۈلچىلەر بولۇپمۇ قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يارى – دوستى» ئىدى. ھالبۇكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا سىۋېن ھېدىن ۋە گۇننار ياررىڭ قاتارلىق بىر قىسىم شىۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى ئىلمىي تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ئارقىسىدا «ياۋروپا-ئارىيان ئىرقچىلىق نەزەرىيەسى» نىڭ كۆلەڭگىلىرى مەۋجۇتلۇقى، سىۋېن ھېدىنىنىڭ ئاسىياغا قىلغان بەش قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتىنىڭ كۆپ قىسىم خىراجىتىنىڭ ناتسىستلار گېرمانىيەسىدىن كەلگەنلىكى، ھەتتا سىۋېن ھېدىنىنىڭ دۇنيا جۇغراپىيە ئىلمىي ساھەسىدىكى بىر ئاۋانگارت بولۇشىغا قارىماي، ئادلوف ھىتلېرنىڭ ئالاھىدە تەكلىپى بىلەن 1936 - يىلى ناتسىستلار گېرمانىيەسى ساھىبخانلىق قىلغان بېرلىن ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنىڭ ئېچىلىش نۇتۇقىنى سۆزلىگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بىر قىسىم شىۋېت شەرقشۇناسلىرى سىۋېن ھېدىن ۋە گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد شىۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ ئۆتمۈشىگە كۆمۈلگەن «سىرلىق تۇگۇن» لەرگە قارىتا تەنقىدىي مۇھاكىمىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئەلۋەتتە، شىۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇھاكىمىگە قويغان بۇ تەنقىدىي قاراشلىرى بىزگە يېقىنقى زامان ياۋروپاسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە دائىر ئېكسپېدىتسىيەلىك ۋە ئىلمىي تەكشۈرۈش تېپىدىكى ئىزدىنىشلىرىگە ھەمدە بۇ ئىزدىنىشلەرنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان تەتقىقاتلارغا تەنقىدىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزنى، باشقا ھەرقانداق بىر ئىلمىي مەسىلىگە مۇئامىلە قىلغاندەك سوغۇققان، تەمكىن بولۇشىمىزنى، مەسىلىلەرنى ھەر ئىككى تەرەپتىن مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغىنى سىۋېن ھېدىن، گۇننار ياررىڭ قاتارلىق ئالدىنقى ئەۋلاد شىۋېت شەرقشۇناسلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سىياسىي ئىدېئولوگىيەسىنىڭ قايسى لاگېرغا مەنسۇپلۇقى ياكى ئۇلارنىڭ كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ غەرب ئىلىم ساھەسىدە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك قانداق بىر ئىلمىي خەزىنەنى قالدۇرغانلىقى ۋە شىۋېتسىيەدەك كىچىك بىر دۆلەتتە شەرقىي تۈركىستانغا دائىر شۇنچە كۆپ «يىغما» لارنى مەيدانغا كەلتۈرگەنلىكىدۇر.

ئىككىنچى، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بارغان ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك دىن تارقىتىش پائالىيىتى ئۆز دەۋرى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى كۈنىمىز ئۈچۈنمۇ قايتا ئويلىنىشقا تېگىشلىك بىر مۇرەككەپ مەسىلە. مەن بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىللار ئىلگىرىلا «ئۆزلۈك ۋە كىملىك» ناملىق كىتابىمدا شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ ماھىيىتىنى «مەدەنىيەت تاجاۋۇزچىلىقى» دەپ ئاتىغان ئىدىم. ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىمۇ 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تىشۋېتىش مىسسىيونېرىنىڭ «دىن ئوغرىلىرى»، «ئەقىدە ئوغرىلىرى» دەپ ئاتىغان ئىدى. تىشۋېتىش مىسسىيونېرلار نېمە ئۈچۈن ۋە قانداق بىر ئارقا كۆرۈنۈشتە ئىسلام دىنى مىڭ يىللاردىن بۇيان چوڭقۇر يىلتىز تارتقان شەرقىي تۈركىستان خىرىستىيان دىنى تارقىتىشنى پىلانلىغان؟ ئۇلارنىڭ شۇنچە ئۇزاق يوللارنى بېسىپ قەشقەرگە كېلىشتىكى ھەقىقىي مەقسىتى نېمە ئىدى؟ ئۆز دەۋرىدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتى بولسۇن ياكى مىلىتارىست ياڭ زېڭشىن بولسۇن، بۇ مەسىلىدە نېمە ئۈچۈن يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقلىرىنى ئېتىبارغا ئالمىدى، نېمە ئۈچۈن شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنى چەكلىمىدى؟ مانا مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى زامان مەدەنىيەت ۋە ئەقىدە تارىخىدىكى ھەقىقەتەنمۇ پاجىئەلىك بىر سەھىپە ئىدى. گۇننار ياررىڭمۇ «قەشقەرگە قايتا سەپەر» ناملىق كىتابىدا شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىن تارقىتىش پائالىيەتلىرىنىڭ «پۈتۈنلەي مەغلۇبىيەتلىك ۋە نەتىجىسىز ئاخىرلاشقان بىر ئۇرۇنۇش» بولغانلىقىنى تىلغا ئالغان ئىدى. ھالبۇكى، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېرىم ئەسىرلىك «نەتىجىسىز ۋە مەغلۇبىيەتلىك ئۇرۇنۇشلىرى» نىڭ ئارقىسىدا قەشقەر، يەركەن قاتارلىق جايلاردا زامانىۋىي دوختۇرخانا، مەكتەپ، باسمىخانا، گېزىت ۋە باسما بۇيۇملىرى مەيدانغا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىۋېتسىيەنىڭ بىرقانچە مۇزېي ۋە ئارخىپخانىلىرىدا شەرقىي تۈركىستانغا دائىر ماتېرىياللار ئامبىرى، فوتو سۈرەتلەر يىغمىلىرى، قولىيازمىلار كوللېكسىيونلىرى بەرپا بولغان، لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدە 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تۈركولوگىيە دەرسى تەسىس قىلىنغان ئىدى. شىۋېت مىسسىيونېرلىرى 1914 - يىلى قەشقەردە «يارۇغلۇق» ناملىق ھەپتىلىك گېزىت چىقارغان، ھەر يىلى «تۈركىستان تەقۋىمى» ناملىق كالېندار باسقان، «شەرقىي تۈركى تىلى» نىڭ تۇنجى ئىملا قائىدىسىنى تۈزگەن ئىدى؛ ئۇلار يەنە قەشقەردىكى شىۋېت باسمىخانىسىدا «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» ناملىق تۇنجى سىستېمىلىق تارىخ كىتابىنى، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تەبىئەت ۋە فىزىيولوگىيەگە دائىر نەچچە ئونلىغان زامانىۋىي دەرسلىكلەرنى نەشر قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يېرىم ئەسىرلىك دىن تارقىتىش

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب

پائالىيەتلىرى جەريانىدا قەشقەر، يېڭىسار، يەركەن، خوتەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن يىغىۋالغان قولىيازما ۋە تاش باسما كىتابلار، رىسالە-ھۆججەتلەر، نەسەبنامە-شەجەرىلەر، قول ھۈنەر بۇيۇملىرى، كىيىم-كېچەك ھەمدە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۆرنەكلىرى كېيىنكى دەۋرلەردە شىۋېتسىيەدە بىرقانچىلىغان ئارخىپخانىلار ۋە ئېتنوگرافىيە مۇزېيلىرىنىڭ يىغمىلىرىنى بېيىتقان ئىدى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا دائىر يىغمىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان جەمئىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تېخىچە تولۇق ئېچىلمىغان مۇھىم مەنبەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى.

ئۈچىنچىدىن، مەيلى سىۋېن ھېدىن، نىلس ئامبۇلت، بېرگمان قاتارلىق شىۋېت ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرى بولسۇن ياكى 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدا قەشقەر رايونىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان شىۋېت مىسسىيونېرلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ۋە ئىرادىسىگە بولغان پوزىتسىيەسى مۇرەككەپ، ئېنىقسىز، پاسسىپ، ھەتتا بەزىدە سەلبىي مەيداندا بولغان ئىدى. بۇلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى خىتاي دائىرىلىرى بىلەن بولغان رەسمىي مۇناسىۋەتلىرى، ئىلتىماس-دوكلاتلىرى، خەت-چەكلىرى ياكى خاتىرىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. سىۋېن ھېدىن ئۆزىنىڭ تارىم ئويمانلىقىدا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئېلىپ بارغان بەش قېتىملىق ئېكىسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدا دەسلەپ مەنچىڭ دائىرىلىرى بىلەن، كېيىنچە ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ۋە شېڭ شىسەي قاتارلىق مىلىتارىستلار بىلەن ئىنتايىن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان ئىدى. سىۋېن ھېدىنىنىڭ خاتىرىلىرىدە ئۇنىڭ مىلىتارىست ياڭ زېڭشىنغا بولغان قاراشلىرى ئىنتايىن ئىجابىي بىر مەۋقەدە يېزىلغان. 1930 - يىللاردا ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى يۈكسەك نوپۇزى بىلەن دۇنيا سىياسىيونلىرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئېتىبارىغا ئېرىشكەن سىۋېن ھېدىن شەرقىي تۈركىستاننى كونترول قىلىپ تۇرغان خىتاي مىلىتارىستلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتماي تۇرۇپ، سىياسىي ۋەزىيىتى داۋالغۇپ تۇرغان بۇ رايوندا ئۆزىنىڭ ئېكىسپېدىتسىيە پائالىيەتلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئىنتايىن ياخشى چۈشەنگەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئۇ ئۆزىنىڭ «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ»، «كۆچمە كۆل» قاتارلىق بىر قىسىم كىتابلىرىدا شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابى توغرىلىق پەقەتلا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلغان، ئەمما ئۇنىڭغا باھا بېرىش ياكى ئىپادە بىلدۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان ئىدى. ھالبۇكى، سىۋېن ھېدىن، نىلس ئامبۇلت قاتارلىق شىۋېت ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرىنىڭ 1930 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ شىۋېتسىيەگە قايتقاندىن كېيىن نەشر قىلدۇرغان كىتاب-ئەسەرلىرىدە بۇ توغرىلىق قىممەتلىك بايانلار ئورۇن ئالغان ئىدى. نىلس ئامبۇلتنىڭ 1937 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «كارۋان» ناملىق كىتابىدا خوتەن ئىنقىلابىغا دائىر بىر قىسىم مۇھىم ئۇچۇرلار بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە خوتەن ئەمىرى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا بىلەن خوتەن پادىشاھى «مەلەك ھەزرەتلىرى» (نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم) نىڭ يەرلىك ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرلىكتە چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى ھەمدە 1933 - يىلى مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ يېتەكچىلىكىدە خوتەندە ئۆتكۈزۈلگەن ھەربىي پاراتنىڭ سۈرىتى تۇنجى قېتىم ئېلان قىلىنغان ئىدى. شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ 1930 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا تۇتقان پوزىتسىيەسى تېخىمۇ مۇرەككەپ ۋە سەلبىي رەۋىشتە بولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ خاتىرىلىرىدە خوتەن ئىنقىلابچىلىرىنىڭ يەركەن ۋە يېڭىسارنى ئالغاندىن كېيىن شىۋېت مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن خرىستىيانلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلارنى تۇتقۇن قىلغانلىقى، قىزلارنى مەجبۇرىي ئەرگە بەرگەنلىكى، چېركاۋلارغا بېسىپ كىرىپ ئوت قويغانلىقى، ھەتتا ھابىل ئىسىملىك بىر ئۇيغۇر خرىستىيان مۇخلىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەر تۇتقا قىلىنىپ، قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىگە قارىتا نارازىلىق ۋە دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى ئىپادە قىلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ يەردە مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە كەلسەك، شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ قەشقەرنى مەركەز قىلغان جەنۇبىي قىسمىدىكى جەريانى، بولۇپمۇ تارىخىي شەخسلەر، سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى، جۇمھۇرىيەت رەئىس خوجانىياز ھاجىنىڭ ئاي-يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئالدىدا قىلىچ تۇتۇپ چۈشكەن سۈرىتى، گېنېرال مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلىرى ۋە ۋەھاكازالار شىۋېت مىسسىيونېرلىرى تەرىپىدىن تارتىلىپ، شىۋېت ئارخىپلىرىدا ساقلىنىپ قالىدۇ. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلانغاندىن كېيىن، سابىت داموللام باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت كابىنېتى قەشقەردىكى شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ باسمىخانىسىنى ۋاقىتلىق ئۆتكۈزۈۋېلىپ ، «ئىستىقلال»، «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى»، «ئەركىن تۈركىستان» قاتارلىق گېزىت-مەجمۇئەلەرنى، ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرى، شەرقىي تۈركىستان پۇلى ۋە پاسپورتلىرىنى دەل مۇشۇ باسمىخانىدا بېسىپ تارقىتىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گەرچە شىۋېت ئېكىسپېدىتسىيەچىلىرى بىلەن شىۋېت مىسسىيونېرلىرى 1930 - يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىغا نىسبەتەن مۇرەككەپ، پاسسىپ ۋە مەلۇم جەھەتتە سەلبىي پوزىتسىيەدە بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار قالدۇرغان مول مەزمۇنلۇق ئارخىپ ماتېرىياللىرى بىلەن تارىخىي

(داۋامى 78 - بەتتە)




# «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گىرامماتىكا لۇغىتى» ھەققىدە

مۇيەسسەر خەندان (تۈركىيە)

قولۇمغا بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى ئالغان چېغىمدا تەسەۋۋۇر قىلدىم: ئەگەر بۇ كىتاب ۋەتەندە تۈزۈلگەن بولسا، ئەگەر قىممەتلىك تىلشۇناسىمىز مىرسۇلتان ئوسمان ئاكا ھايات كۆزلىرى بىلەن كۆرەلىگەن بولسا، مۇھىمى، نەشر قىلىنىشتىن بۇرۇن ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز پىكىرلىرى بىلەن بېزەپ بەرگەن بولسا... مۇمكىنسىز بىر تەسەۋۋۇردىن چىقىپ رېئاللىققا قايتقىنىمدا مەن ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل بىر ئىش ھېسابلانغان، تاغدەك چوڭ ۋە ئېغىر بىر ۋەزىپە يەلكەمنى بېسىپ تۇراتتى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گىرامماتىكا لۇغىتى»نى باشتىن - ئاياغ كۆرۈپ چىقىش. ئۆزۈمگە قارىدىم: ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىدا تولۇق ئوتتۇرا سەۋىيەسىدە توختاپ قالغان، كېيىنكى ئۆگىنىشلىرىنى ئۆزلۈكىدىن داۋاملاشتۇرغان، پېشۋالىرىمىزنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان يازمىلىرى بىلەن يېزىقچىلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىشتىنمۇ خىجىل بولىدىغان، ئۆگەتكۈدەك ئۇستازلىرى ئۈستى ئۈچۈق تۈرمىگە مەھكۇم بولغاچقىلا نائۇستا ھالەتتە ئۆگىتىشكە كىرىشكەن بىر دۆلەتسىز... بۇ ئىش خالىغان بىر ئىشقا ئوخشىمايتتى، يوقاتساق بولمايدىغانلىقىغا چىنپۈتۈپ، كۆڭلىمىزدىكى تەختتىن ئورۇن بەرگەن تىلىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە ئەسلىدە بىز لايىق ئەمەس ئىدۇق. لېكىن، بۇ ۋەزىپە ھازىر بىزگە قالدى، يولۋاسلىرىمىز قەپەسكە سولانغان تاغدا پادىشاھ بولۇش نىيىتىمىز بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ۋاقىتلىق ئېلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەڭ ئالدى بىلەن سەۋەنلىكلىرىمىز، كۆزىمىزدىن قاچقانلار ئۈچۈن تىلىمىزدىن ۋە خەلقىمىزدىن كەچۈرۈم سورايمىز.

ئۇيغۇر تىلى ھەممىمىزگە ئاللىقاچان تونۇش بولۇپ كەتكەن كىرىزىسقا دۇچ كېلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە پەقەت كىتابلارنىڭ يېزىلىپ ئوقۇلۇشىلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىنىڭمۇ ئارقىغا داجىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىشى ئىنتايىن مۇھىم. گىرامماتىكا تىلنىڭ ھالقىلىق بىر بۆلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلار ئېھتىمال ئازاد بىر ۋەتىنى بولغانلارغا قارىغاندا تېخىمۇ تەخىرسىز ۋە زۆرۈر. بەلكىم لۇغەت دېگەن سۆز تىلغا ئېلىنغاندا كۆز ئالدىمىزغا كېلىدىغىنى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئىزاھلانغان ياكى تەرجىمە قىلىنغان توپلاملار بولغاچقا، گىرامماتىكا لۇغىتى بىرئاز ھەيرانلىقىمىزنى قوزغىشى مۇمكىن. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە گىرامماتىكا لۇغىتى»نى قولغا ئالغاندا بۇ ھەيرانلىقىمىز سۆيۈنۈشكە ئالمىشىدۇ. «قىسقىچە» دېگەن سۆز «يانچۇق لۇغىتى بولسا كېرەك» دېگەن ئويغا سېلىشى مۇمكىن، ئەمما قاتتىق مۇقاۋىلىق، 1000 بەتتىن ئارتۇق بىر كىتابنىڭ ئىسمىغا بۇ سۆزنىڭ قوشۇلۇپ قېلىشى ئۇيغۇر تىلىمىزنىڭ نەقەدەر باي ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن ئېيتقۇزىدۇ.

مۇھاجىرەتتە چىقىۋاتقان كىتابلاردىكى ئىملا ۋە

ئۇيغۇر كىتاب بېگى www.uyghurkitap.com

گىرامماتىكىلىق خاتالىقلار كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، مۇشۇ خاتالىقلارنى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، ئۇيغۇر تىلىنى يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆگىنىپ چىقىشنى خالايدىغانلار ئۈچۈن، مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ نەشردىن چىقىشى خۇش خەۋەر دەپ قارىلىشى كېرەك. كىتابتا گىرامماتىكىلىق ئاتالغۇلار ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە مىساللار بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «ئوقۇش»قا قارىغاندا «ئۆگىنىش» دېگەن سۆز تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. تىل ئۆگىنىش مەڭگۈ ئايىغى چىقمايدىغان بىر جەريان، مەيلى ئانا تىلىمىز بولسۇن ياكى باشقا تىللار بولسۇن، ھېچقايسىمىز بىر تىلنى مۇكەممەل بىلىدىغانلىقىمىز ھەققىدە جار سالالمايمىز. ئۆز ئانا تىلىمىزنى ئەۋلادلارغا توغرا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئاۋۋال توغرا ئۆگىنىشكە ئېھتىياجىمىز بار.

بۇ كىتابنى قۇربىمنىڭ يېتىشىچە كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، يەنە خىياللىرىمدا ئۇنى كۆتۈرۈپ ۋەتەنگە باردىم: ۋەتەندىكى كىتابخانىلار بۇ كىتابنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى، ۋەتەندىكى ئىلىمگە تەشنا ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابنىڭ چىققانلىقىنى مۇبارەكلەپ سەپ بولۇشتى، ۋەتەندىكى ئاق چاچلىق تىلشۇناسلار بۇ ئەمگەكنىڭ ۋەتەن سىرتىدىمۇ توختاپ قالمىغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىشتى... گەرچە دۆلىتىمىز بولمىسىمۇ، تىلىمىز بار، تىلىمىزنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇستازلىرىمىزنىڭ مۇھاجىرەتتىكى خىزمەتلىرى بار. ئىشلىتىش، ئۆگىنىشتىن ھالقىپ تەتقىقات نىشانى بولۇۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان بۇ تىل ئۇشبۇ ئەمگەكلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدۇ.

(بېشى 76 - بەتتە)

(بېشى 76 - بەتتە)

سۈرەتلەر شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قىسقا، لېكىن مۇرەككەپ جەريانلارغا تولغان تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەنبەلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يۇقىرىدا تەكىتلەپ ئۆتۈلگەن بىر قىسىم نۇقتىلارنىڭ شۇنچە زىللىقى ۋە تېما جەھەتتىكى سەزگۈرلۈكىگە قارىماي، زۇلھايات خانىم بۇ كىتابىدا شىۋېت ئارخىپلىرىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىزلىرىنى چوڭقۇر دەرىجىدە قېزىپ كۆرۈشكە، ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ سىستېمىغا تۇرغۇزۇشقا، شۇنداقلا ماتېرىيال مەنبەلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە كەڭلىككە ھەم ئۇزۇنلۇققا ئىگە قىلىشقا تىرىشقان. كىتابتا شىۋېت ئارخىپلىرىدىكى ئۇيغۇرلارغا دائىر مەنبەلەرنى تونۇشتۇرۇش، ئۇنى ئىخچام ۋە ئاممىباب ئۇسلۇب بىلەن بايان قىلىش، شۇنداقلا ئوقۇرمەنلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئاساس قىلىنغان بولۇپ، تالاش-تارتىش قوزغايدىغان، ياكى بىر تەرەپلىمىلىك ھۆكۈم چىقىرىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغان. بولۇپمۇ مەزكۇر كىتابتا ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلەرگە ناتونۇش بولغان ياكى ئىلگىرى تونۇشتۇرۇلمىغان بىر قىسىم مەنبەلەر ئالاھىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ، شىۋېت مىسسىيونېرلىرىنىڭ كونا شىۋېتچە ئىملا بىلەن قولدا يازغان خاتىرىلىرىدىن ياكى شىۋېتسىيەدە 1940 - 1950-يىللاردا شىۋېت تىلىدا نەشر قىلىنغان شەرقىي تۈركىستانغا دائىر كىتابلاردىن تاللاپ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان بىر قىسىم يازمىلاردىكى ئۇچۇرلار ئىنتايىن قىممەتلىكتۇر. ئۇنىڭدىن باشقا كىتابقا كىرگۈزۈلگەن زور ساندىكى قىستۇرما سۈرەتلەر، تېز سىزمىلار، قولىيازمىلاردىن ئۆرنەكلەر ھەمدە شەرقىي تۈركىستان جۇغراپىيەسىگە ئائىت خەرىتىلەرمۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ ماتېرىيال جۇغلانمىسىدىكى كەڭلىكنى، مەزمۇنىدىكى رەڭدارلىقنى ۋە قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىچىلىكنى ئىپادە قىلىپ تۇرىدۇ.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، مەزكۇر كىتاب زۇلھايات خانىمنىڭ مۇھاجىرەتتە ياشىغان ئون نەچچە يىلدىن بۇيانقى تىنىمسىز ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇنداق بىر جەريانغا شەك-شۈبھىسىزكى مۇئەللىپنىڭ خۇشاللىقلىرى، ئازابلىرى، يىغلىرى ۋە كۈلكىلىرى ياندىشقان بولىدۇ. ھەرقانداق بىر يېتۈك ئەسەر ياكى زور بىر ئىلمىي ئەمگەك خاتالىقلاردىن، سەۋەنلىكلەردىن ۋە يېتىشسىزلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. چۈنكى ئىلىم-پەن روھى ۋە ئىلمىي پوزىتسىيە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ خاتالىقلار ئىچىدىن توغرىسىنى بايقىشى، يېتىشسىزلىكلەرنى توختاۋسىز رەۋىشتە تولۇقلاپ مېڭىشى، شۇنداقلا «خاتالىق» ئۆتكۈزۈشتىن قورقماسلىقى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ. زۇلھايات خانىمنىڭ «سەيياھلار ئىزىدىن» ناملىق بۇ كىتابىمۇ ئەلۋەتتە بۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس. كەسىپداشلارنىڭ، دوستلارنىڭ، ۋەتەنداشلارنىڭ ۋە بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ كىتاب ھەققىدە قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

ئاخىرىدا ئاپتور زۇلھايات ئۆتكۈرنى بۇ كىتابى بىلەن قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

2021 -يىل 4 -ئىيۇل، ۋاشىنگتون د. س.

# «تالانتلىقلار باغچىسى» ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ رەسىملىرى*




رىنا مەخسۇد 14 ياش (تورونتو، كانادا)




سەبىنە ئەركبول 8 ياش (سانفرانسىسكو، ئامېرىكا)




دىنارە دانىيار، 10 ياش (ئامايرىكا)



خەدىچە يەخيا 15 ياش (مەرىيلەند، ئامايرىكا)

* بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەرۋايىت ھاپىز مۇئەللىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە سىزغان رەسىملىرى



باش كىيىم بازىرى





مويسىپىتلار